« جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى » دىكى نەشرىي ئەپكار
« شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

2017.2

ISSN 1008-6498
03
9 771008 649003

•XINJIANG CULTURE•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ• 新疆文化

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

# ئاتاقلىق رەسسام پامىرتاش ۋە ئۇنىڭ ماي بوياق، ھەيكەلتاراشلىق ئەسەرلىرى





تۇغقانلار (ماي بوياق)




مۇقامچىلار (موم ھەيكەل)




تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇختار مەخسۇت (ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى)

تەھرىرات باشلىقى، دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: بەگمەت يۈسۈپ (ئالىي مۇھەررىر)

# شۇئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق

2017.2

(ئومۇمىي 344- سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكتىن ئىبارەت باش نىشاننى زىچ چۆرىدەپ، مەدەنىيەتنى يۈكسەلگەن شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى!

## بۇ ساندا


**«بىر بەلباغ، بىر يول»**

«بىر بەلباغ، بىر يول»دىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىستراتېگىيەنى قانداق تونۇش كېرەك ........................ جاڭ يۈنلىڭ (3)

**مۇھاكىمىدە مۇھىم مەسىلىلەر**

ھايات ۋە باشقىلار .................. ئابدۇرەھمجان يۈسۈپ ئۆمىد (10)

**كىلاسسىكلاردىن ھېكمەت**

كىلاسسىكلار چۈشەنچىسىدە ئەخلاق .......... قۇربانجان ئابدۇقادىر (17)

**سەھرادىكى ھېكايىلەر**

قارلىغاچ قايتىپ كېلەمدۇ؟... ...... (پوۋېست) .......... تۇرسۇن مۇسا (25)

**ئۆيزورچىلار مۇنبىرى**

روھىيەت دۇنياسىغا پەرۋاز .................. رەيھان قادىر (53)

**تەرجىمە كۆزنىكى**

«تىلماچىلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ...................

.......... ئەلجان تۇرسۇن، مۇھەممەت تۇراپ قاتارلىقلار (ت) (56)

**ئەدەبىيات گۈلزارى**

مۇھەممەد يۈسۈپ شېئىرلىرى .............................. (65)

**تەپەككۇر كۆزى**

تەپەككۇر مېۋىلىرى ..........................................

.......... مۇھەممەدجان ئابدۇغېنى، ئابلىمىت قۇربان قاتارلىقلار (72)

**دۇنيا دوستلۇق سەپىرىدىن ھاسلاتلار**

ئافرىقا سەپىرى ............ (شېئىرلار) .......... مۇختار مەخسۇت (77)


مۇقاۋىدا: شەرقلىق ئايال (ماي بوياق) ........................ پامىرتاش سىزغان


**شىنجاڭ مەدەنىيىتى**

(66- يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

**تەھرىر ھەيئەتلەر**

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىددىن

ئارسلان ئابدۇللا

ئازات سۇلتان

ئادىل مۇھەممەت

بەگمەت يۈسۈپ

جاڭ خۇڭچاۋ

دىلشات پەرھات

قۇربان مامۇت

ئىمىن ئەخمىدى

بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا-تەھرىرى:

**ئايگۈل ئەمەت**

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

ژۇرنىلىمىزنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى:

**ئابدۇرېشىت مىجىت ئاقيار**

(ئادۋوكات)



جاڭ يۈنلىك

# «بىر بەلباغ، بىر يول»دىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىستراتېگىيەنى قانداق تونۇش كېرەك

«بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى يېتەكلەشچانلىق تەكىتلىنىدىغان ئىستراتېگىيە بولماي، تەشەببۇسكارلىق تەكىتلىنىدىغان ئىستراتېگىيە. جۇڭگوغا قوشنا دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئاساس قىلىنغان، شۇنداقلا مەزمۇنى تېخىمۇ كېڭەيتىلىدىغان يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيە.

رەئىس شى جىنپىڭ 2013 - يىلى سېنتەبىردە قازاقىستاندا زىيارەتتە بولۇۋاتقاندا «يىپەك يولى» ئىقتىساد بەلبېغىنى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۆكتەبىردە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولۇۋاتقاندا 21 - ئەسىردىكى دېڭىز «يىپەك يولى»نى ئورتاق قۇرۇشتەك ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول» جۇڭگونىڭ يېڭى مەزگىلدىكى دۇنياغا قارىتىلغان ئۇلۇغ ئىستراتېگىيەسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. يېقىندا ئېچىلغان مەركەزنىڭ مالىيە - ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدا «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇزاكىرە قىلىندى. شى جىنپىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى دەۋرنىڭ تەلىپى، «بىر بەلباغ، بىر يول» سىغدۇرۇشچانلىقى ئىنتايىن چوڭ تەرەققىيات سەھنىسى، تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان جۇڭگو ئىقتىسادىنى «بىر بەلباغ، بىر يول» بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك دەپ كۆرسىتىپ، بۇ زور ئىشنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ياخشى قىلىشنى، مۇھىم نامايەندە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ئامال بار بالدۇر نەتىجىگە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كۈنتەرتىپكە رەسمىي كىرگۈزۈلگەنلىكىنى، پىلاندىن ھەرىكەتكە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

جۇڭگو «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئەھمىيەت بېرىدۇ؟ «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى زادى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ زور ئىشنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا

## «بىر بەلباغ، بىر يول»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توغرا كېلىدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنى جۇڭگو تەشەببۇس قىلدى، قۇرۇلۇشتا ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. جۇڭگو ئۇلار بىلەن ئورتاق تونۇشقا كېلىشى، زىچ ھەمكارلىشىشى، قۇرۇلۇشقا ئورتاق قاتنىشىشى كېرەك.

### «دەۋر تەلىپى»نىڭ مەنىسى

«بىر بەلباغ، بىر يول» نېمە ئۈچۈن دەۋرنىڭ تەلىپى دېيىلىدۇ؟ مېنىڭ قارىشىمچە، تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات بىز تۇرۇۋاتقان دەۋرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى، يەنى تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئەڭ زور ئارزۇسى.

جۇڭگونىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى دۇنيانىڭ يۈكسەك دىققىتىنى تارتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ دىققەت قىلىدىغىنى «جۇڭگو قۇدرەت تاپسا نېمىلەرنى قىلىدۇ، قانداق قىلىدۇ؟»دىن ئىبارەت بولدى. دۇنيانىڭ ئىلگىرىكى تەرەققىيات تارىخى چوڭ دۆلەتنىڭ چوقۇم تالاش - تارتىش پەيدا قىلىدىغانلىقىنى، كۈچلۈك دۆلەتنىڭ چوقۇم زومىگەرلىك قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. جۇڭگو گەرچە تىنچ تەرەققىيات يولىدا تەۋرەنمەي ماڭىدىغانلىقىنى تەكرار - تەكرار جاكارلىغان بولسىمۇ، باشقا دۆلەتلەر بۇنىڭغا ئانچە ئىشەنمەي، سۆزىنى ئاڭلاش، ھەرىكىتىگە قاراش پوزىتسىيەسىدە بولۇۋاتىدۇ، بۇنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. كىشىلەر: جۇڭگو كېڭەيمىچىلىك ئىستراتېگىيەسىنى قوللانسىلا، ئامېرىكا بىلەن تەسىر كۈچى تالىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دۇنيا «فۇكىدىد تۇزىقى»غا چۈشۈپ قېلىپ، چوڭ دۆلەتلەر ماجىراسى يۈز بېرىپ، ئاخىرى زور كۆلەملىك ئۇرۇش پارتلايدۇ دەپ ئەنسىرىشىدۇ.

جۇڭگو چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى باش كۆتۈرۈش يولىدا ماڭماسلىقنى جاكارلاپ، ئامېرىكا بىلەن قارشىلاشماسلىق، سۆھبەتلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشتەك يېڭىچە چوڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنداقلا «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنى تەشەببۇس قىلىپ ۋە يولغا قويۇپ، كىشىلەرنىڭ جۇڭگو كېڭەيمىچىلىك ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويىدۇ، دېگەن ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. جۇڭگو بۇلار ئارقىلىق دۇنياغا تىنچ تەرەققىي قىلىش ۋەدىسىنىڭ قۇرۇق گەپ ئەمەسلىكىنى، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئارزۇسىنى بىلدۈردى.

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىۋاتقان ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشى، تەرەققىي قىلىۋاتقان تېخىمۇ كۆپ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇشى بۇ دەۋرنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى. قانداق قىلغاندا تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى قوغداپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىپ بېرىش دەۋرنىڭ تەلىپى. جۇڭگو دۇنيا ئىقتىسادىدىكى چوڭ دۆلەت بولسىمۇ، يەنىلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت. جۇڭگو ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، تەرەققىياتنى داۋاملىق ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. جۇڭگو دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە، دۇنيا سودىسىدىكى چوڭ دۆلەت، دۇنيا بويىچە تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 1 - ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەت بولغاچقا، دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى تەرەققىيات، ھەمكارلىققا تۈرتكە بولىدىغان چوڭ سەھنە قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ مەبلىغى ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈشى ئارقىلىق، ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، يېڭى تەرەققىيات ئىمكانىيىتى يارىتىدۇ، تەرەققىياتتىكى يېڭى قوزغاتقۇچنى بەرپا قىلىدۇ.

«بىر بەلباغ، بىر يول» ئېچىۋېتىلگەن سەھنە. جۇڭگو بۇ سەھنىدە تۈرلەرنى ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە پىلانلايدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن تەرەققىيات ئۈچۈن مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، بولۇپمۇ ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى، ئۇزاق مۇددەتلىك قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئۇزاقتىن بۇيان ئىنتايىن قىيىن بولۇپ كەلدى. خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىقتىدارى چەكلىك، خۇسۇسىي پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش ئارزۇسى

ئاجىز بولغاچقا، «بىر بەلباغ، بىر يول» بويىدىكى دۆلەتلەر ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىدا قالدى، تەرەققىياتتىكى ئۇنىۋېرسال مۇھىتنىڭ ياخشىلىنىشى ئاستا بولدى. «بىر بەلباغ، بىر يول» ئارقىلىق ھەمكارلىق خاراكتېرىدىكى مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئاپپاراتى ۋە باشقا شەكىلدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى قۇرغاندا، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشتىكى توسالغۇلارنى تۈگەتكىلى بولىدۇ، جۇڭگومۇ بۇ سەھنىدە تېخىمۇ زور رول ئوينىيالايدۇ. جۇڭگونىڭ كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى بانكىسى، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھەلەر سېلىنما بانكىسى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى تەرەققىيات بانكىسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشى، مەبلەغ چىقىرىپ «يىپەك يولى» فوندى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇشنى جاكارلىشىدىكى مەقسىتىمۇ مۇشۇ يەردە جۇڭگونىڭ بۇ ھەرىكىتىنى بەزىلەر يېڭى «مارشال پىلانى» دەپ ئاتاۋاتىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. ئەينى يىللاردىكى «مارشال پىلانى»دا ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياۋروپا ئىقتىسادىنى قايتا گۈللەندۈرۈشى مەقسەت قىلىنغان، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشتىكى ھازىرقى يېڭى ئاپپاراتلارنى قۇرۇش نەزەرىيەسىدە ئورتاق قاتنىشىش، ئورتاق باشقۇرۇش ۋە بايلىقلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش مەقسەت قىلىنغان. يەنە بەزىلەر جۇڭگو بۇ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، ھازىرقى خەلقئارا ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتماقچى بولۇۋاتىدۇ دەپ تەنقىدلەۋاتىدۇ، بۇ خاتا چۈشىنىش ياكى تۆھمەت. چۈنكى، جۇڭگو قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان بۇ ئاپپاراتلار ھازىر بار بولغان ئاپپاراتلارنى ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ تولۇقلىمىسى ۋە كۈچەيتىلىشى ھېسابلىنىدۇ.

«بىر بەلباغ، بىر يول» قارشىلىشىش ئىستراتېگىيەسى بولماستىن، ھەمكارلىق ئىستراتېگىيەسى بولۇپ، ئۇ ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىقنى مەزمۇن قىلغان. ئېچىۋېتىش تەپەككۇرى ۋە ھەمكارلىشىش ئىدىيەسى بويىچە «بىر بەلباغ. بىر يول»نى تونۇغاندىلا، دەۋر تەلىپىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگىلى ۋە تونۇغىلى بولىدۇ.

**ئۇلۇغ ئىستراتېگىيە چىقىش قىلىنغان لايىھە**

«بىر بەلباغ، بىر يول» ئۇلۇغ ئىستراتېگىيەلىك لايىھە بولۇپ، ئۇنىۋېرسال مەنىگە. ئۇنىڭدا ھەم جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى، ھەم رايون ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ئاساس قىلىنغان، شۇڭا ئۇنىڭغا قىسقا مۇددەتلىك ھەرىكەت تۈرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول» ئۈچۈن بەزىلەر يول خەرىتىسى سىزىپ چىقتى، بەزىلەر ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈپ چىقتى، بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. ئەمەلىيلەشتۈرۈش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ ھەرىكەت قەدەم- باسقۇچلىرى، تۈرلەرنىڭ يېرىك پىلانى، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋاقىت جەدۋىلى بولىدۇ، لېكىن بۇنى تارقاق ھەرىكەت پىلانى قىلىشقىلا بولىدۇ، ئومۇمىي پىلان قىلىشقا بولمايدۇ.

جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئۇلۇغ ئىستراتېگىيەسىنى چىقىش قىلغاندا، «بىر بەلباغ»، يەنى «يىپەك يولى» ئىقتىساد بەلبېغى تەرەققىياتنىڭ رايوندىكى تەڭپۇڭلۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىستراتېگىيە، شۇنداقلا خەلقئارا مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان ئىستراتېگىيە. جۇڭگودا ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات دېڭىز بويىدىكى رايونلاردىن باشلىنىپ، بۇ رايونلار نەچچە ئون يىلدا تېز تەرەققىي قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى جەلبكارلىق مەركىزىگە ئايلاندى. لېكىن ئۇ ئىككى چوڭ تەڭپۇڭسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى: بىرىنچى، دۆلىتىمىزدە شەرقىي رايون بىلەن غەربىي رايوننىڭ تەرەققىياتى تەڭپۇڭ بولماي، غەربىي رايوننىڭ تەرەققىياتى زور دەرىجىدە ئارقىدا قالدى؛ ئىككىنچى، خەلقئارا مۇناسىۋەتتە تەڭپۇڭسىزلىق بولۇپ، شەرققە ئەھمىيەت بېرىلىپ، غەربكە سەل قارالدى. «يىپەك يولى» ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇلۇشى بىرىنچىدىن، جۇڭگونىڭ غەربىي رايوننىڭ تەرەققىيات ئىمكانىيىتىنى كېڭەيتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان سەھنە ۋە پۇرسەت ئاتا قىلدى. قەدىمكى «يىپەك يولى» جۇڭگونىڭ قەدىمكى پايتەختى چاڭئەن (بۈگۈنكى شىئەن)دىن باشلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، ئافغانىستان، ئىران، ئىراق، سۈرىيەلەردىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا دېڭىزغا بېرىپ، رىمنى ئاخىرقى مەنزىل قىلدۇ، ئومۇمىي مۇساپە 6440 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يول ئاسىيا- ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقنى تۇتاشتۇرىدىغان، قەدىمكى غەرب ۋە شەرق مەدەنىيەتلىرىنى ئۇچراشتۇرىدىغان يول، دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، سودا يولى بولۇش ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھېساپلىنىدۇ. ئەتراپتىكى رايونلاردىن تەرەققىي قىلغان ئايرىم دۆلەتلەردىن باشقا، غەربىي شىمالىي قىسىم، جەنۇبىي قىسىم، شەرقىي جەنۇبىي قىسىم، جۇملىدىن جەنۇبىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممىسى تەرەققىي قىلىۋاتقان رايونلار بولۇپ، بۇ رايونلارنىڭ تەرەققىي قىلىش ئىستىكى كۈچلۈك. تەرەققىياتتىكى يوشۇرۇن كۈچى زور. «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، قوشنا دۆلەتلەر جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىدىن نەپكە ئېرىشىدۇ، بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگومۇ قوشنا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىن تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتكە ئېرىشىپ، قوشنا رايونلار جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىدىكى تايانچ بەلباغقا ئايلىنىدۇ.

### ئېچۋېتىلگەن كەڭ دائىرىلىك نەزەر بولۇش كېرەك

«بىر بەلباغ، بىر يول» رايون ھالقىغان، ئېچۋېتىلگەن رامكا بولۇپ، ئەتراپتىكى رايونلار باشلىنىش نۇقتىسى ۋە مۇھىم نۇقتا قىلىنىدۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ بىر ئۇلۇغ ئىستراتېگىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، تېخىمۇ كەڭ دائىرىگە كېڭىيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. ئاسىيادىن ياۋروپاغا، ئاندىن ئافرىقىغا، شۇنداقلا ئۇنىڭدىنمۇ كەڭ دائىرىگە كېڭىيىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «بىر بەلباغ، بىر يول» ھەرىكەت ھالىتىنى ئالاھىدىلىك قىلغان ئۇلۇغ ئىستراتېگىيەلىك يىرىك پىلان بولۇپ، ئوچۇق ھالەتتە بولىدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسى يېتەكلەشچانلىق تەكىتلىنىدىغان ئىستراتېگىيە بولماي، تەشەببۇسكارلىق تەكىتلىنىدىغان ئىستراتېگىيە، جۇڭگوغا قوشنا دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئاساس قىلىنغان، شۇنداقلا مەزمۇنى تېخىمۇ كېڭەيتىلىدىغان يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيە، مۇستەھكەم، بىر - بىرىگە تايىنىدىغان، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان مەنپەئەت ۋە تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىدىغان ئىستراتېگىيە.

«بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۇزاق جەريان كېتىدىغان بولۇپ، بىر، ئىككى يىلدىلا ئۈنۈمنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئىشنى ھازىردىن باشلاش، ئاساس سېلىشتىن باشلاش، لېكىن يىراققا نەزەر سېلىش، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق، ئالدىدا ئاساننى، كېيىن قىيىننى، ئالدىدا يېقىندىكى، كېيىن يىراقتىكى ئىشنى قىلىش، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، ئىشنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بولۇش كېرەك. ئىقتىسادنى ئالدىنقى ئورۇنغا، شۇنداقلا مۇھىم ئورۇنغا قويۇش ھەمدە ئىشنى يېقىندىن يىراققا قارىتىپ كېڭەيتىش كېرەك. ئەلۋەتتە ئىقتىساد بىلەن شۇغۇللىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە سىياسىي مۇناسىۋەتنىمۇ كېڭەيتىش، بىخەتەرلىك جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئۆزىمىزلا ئېنىق تونۇپ قالماي، باشقا دۆلەتلەرگىمۇ ئېنىق تونۇتۇشىمىز كېرەك. چۈنكى قۇرۇلۇشنى كۆپچىلىك قىلىدۇ، كۆپچىلىك ئورتاق قاتنىشىدۇ. بىز ئالاقىدار دۆلەتلەر خەلقلىرىگە «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى ئېلىپ كېلىدىغان مەنپەئەتنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز، قاتناشقۇچىلارغا قۇرۇلۇش مەسئۇلىيىتىنى تونۇتۇشىمىز كېرەك.

### دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلار

«بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، نەتىجىگە ئېرىشىش ئەلۋەتتە نۇرغۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ.

بىرىنچى خىرىس، ئىستراتېگىيەدىن تەشۋىشلىنىش، يەنى جۇڭگو تەشەببۇس قىلغان ئىستراتېگىيەنىڭ مەقسىتىدىن گۇمانلىنىشتىن ئىبارەت. بەزى قوشنا دۆلەتلەر جۇڭگونىڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇل ئەسلىھەلەر تورىنى ھەمكارلىشىپ قۇرۇشتىن تەشۋىشلىنىپ، جۇڭگونى چوڭ يول قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇشنى خالىماي، ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى سىياسىيلاشتۇرۇۋاتىدۇ؛ ھۆكۈمەت سىرتىدىكى بەزى تەشكىلاتلار باشقىلارنىڭ قۇترىتىشى بىلەن، جۇڭگونىڭ قاتنىشىشىنى چەكلەيدىغان پىكىرلەرنى تارقىتىۋاتىدۇ؛ بەزى چوڭ دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ چەتكە قېقىلىشىدىن ئەنسىرەپ، شېرىك دۆلەتلىرىگە بېسىم ئىشلىتىۋاتىدۇ، ھەتتا بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ خىزمەت ئىشلەپ، جۇڭگو يېتەكچىلىك قىلىدۇ، دېگەندەك جامائەت پىكرى

پەيدا قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئاسىيا سېلىنما بانكىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن ئامېرىكا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئاشكارا بىلدۈردى، ياپونىيەمۇ قاتنىشىشنى رەت قىلدى، ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن ئاۋستىرالىيە، كورېيەلەرمۇ قوللىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. تاشيول، تۆمۈريول تورى قۇرۇلۇشىغا ھىندىستان، بېرمىلار گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، جۇڭگونىڭ بەزى دۆلەت (مەسىلەن، پاكىستان، سىرى لانكا)لار بىلەن بولغان دېڭىزدىكى ۋە پورتتىكى ھەمكارلىقىغا سىياسىي، ھەتتا ھەربىي مەنە بېرىلدى.

ئىككىنچى خىرىس، تالاش - تارتىشلارنى قانداق قىلىپ مۇۋاپىق ھەل قىلىش ياكى پەسەيتىش. مەسىلەن، 21 - ئەسىردىكى دېڭىز «يىپەك يولى» قۇرۇلۇشىدا ئالدى بىلەن يولۇقىدىغان مەسىلە جەنۇبىي دېڭىز تالاش - تارتىشنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش، تالاش - تارتىشنى قويۇپ تۇرۇپ، ھەمكارلىشىپ قۇرۇلۇش قىلىدىغان مۇھىت ۋە كەيپىياتنى بەرپا قىلىپ، ھەمكارلىقنى تاللىشىشنىڭ ئورنىغا قويۇشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن، تالاش - تارتىش قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ھەمكارلىشىشتىكى ئورتاق تونۇشنى كۈچەيتىش؛ ئىككىنچىدىن، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى بىلەن كېڭەشىشنى كۈچەيتىپ، «جەنۇبىي دېڭىز ھەرىكەت خىتابنامىسى»نى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا «جەنۇبىي دېڭىز ھەرىكەت قائىدىسى سۆھبىتى»نى تېزدىن ئاخىرلاشتۇرۇپ، كېلىشىم ئىمزالاپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. 2015 - يىلى جۇڭگو بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ دېڭىز - ئوكيان يىلى بولۇپ، جۇڭگو بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دېڭىز «يىپەك يولى» قۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت پىلانى تۈزۈشى كېرەك. بۇ قەدەمنىڭ پۇختا ئېلىنىشى دېڭىز «يىپەك يولى» تۈرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئۈچىنچى خىرىس، ئىمكانىيەتلىك سىجىل يېڭى تەرەققىيات شەكلىنى قانداق بەرپا قىلىش. «يىپەك يولى» ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇلۇشىنى مىسال قىلساق، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتى ئاساسلىقى بايلىق ساھەسىدە، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بايلىقلىرىنى ئېچىش، پايدىلىنىش، جۇڭگوغا توشۇشتۇرۇلغان ئېنېرگىيە يەتكۈزۈش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇشتا ئىدى. ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇش ئۈچۈن ئاددىي شەكىلدىكى ئېنېرگىيە مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىش، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بايلىق پىششىقلاپ ئىشلەش، ياسىمىچىلىق ۋە مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغاندىلا، بۇنىڭدىن ئۆزئارا تېخىمۇ زور تەرەققىيات ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. يېقىندا ئېچىلغان دىپلوماتىيە خىزمىتى يىغىنىدا شى جىنپىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ھەرقايسى تەرەپ مەنپەئىتىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىنى تېپىش، ئەمەلىي ھەمكارلىق ئارقىلىق ئورتاق پايدا ئېلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك دەپ تەكىتلىدى. «يىپەك يولى» ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇلۇشىنىڭ تۈنجى بېكىتى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، بۇ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ، خىزمەتلەر باشلىنىش نۇقتىسدا ياخشى ئىشلەنسە، خىزمەت دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتكىلى بولىدۇ.

جۇڭگو ئەمەلىي كۈچكە ئىگە چوڭ دۆلەتكە ئايلانغاندىن كېيىن، مەنپەئەت تەلىپى كۆپىيىدۇ، تەسىرى ئاشىدۇ، قىلالايدىغان ئىشلىرىمۇ كۆپىيىدۇ، بۇنىڭ بىلەن غۇلغۇلىمۇ پەيدا بولىدۇ. «بىر بەلباغ، بىر يول» ئۇلۇغ ئىستراتېگىيە. يۈنىلىش بېكىتىلگەنىكەن، ئەستايىدىل يولغا قويۇش، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنىڭ يادرولۇق ئىدىيەسى بويىچە ھەمكارلىشىش؛ ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق قاتنىشىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش، مەنپەئەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى تەكىتلەش؛ خەلقئارالىق ھەر خىل تەشكىلات، رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» ئىستراتېگىيەسىنى كۆپچىلىكنىڭ ئىستراتېگىيەسىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئۈرۈمچى ئېرپان ئېلېكترون چەكلىك شىركىتى چىقارغان، مىللەتلەر ئۇن-سىن نەشرىياتى نەشر قىلغان «بىر بەلباغ، بىر يول»نى قانداق چۈشىنىمىز» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

تىلماچ: پولات ئەزىز

ئابدۇرەھىمجان يۈسۈپ ئۈمىد

# ھايات ۋە باشقىلار



مۇھاكىمىدە مۇھىم مەسىلىلەر

1

ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا ساۋاقداشلىرىم بىلەن خىلمۇخىل مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرىلىشەتتۇق، ھازىر ئويلىسام، شۇ چاغلاردىكى بىر قېتىملىق مۇنازىرىنى ھايات توغرۇلۇق ئەڭ ياخشى مۇھاكىمە دېيىشمۇ بولىدىكەن.

ھايات دېگەن نېمە؟

— ھايات دېگەن ئالتۇندىنمۇ قىممەت نەرسە. چۈنكى ئۇنى سېتىشمۇ-سېتىۋېلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

— ھايات دېگەن ۋاقىت دېمەكتۇر. ئۇنى بىز دائىم يول بىلەن ئۆلچەيمىز-يۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ھېس قىلىپ بولالمايلا ئۇ تۈگەپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇ قىممەتلىك.

— ياق، ھايات دېگەن ئېقىن سۇ. ئۇ خۇددى كۆز ئالدىمىزدىن ھەش-پەش دېگۈچە ئېقىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئېقىن سۇنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولمىغاندەك ھاياتىمۇ قايتا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

— ھايات — ئەمگەك (مېھنەت) دېمەكتۇر. تۇرمۇشتا ئىنسان ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىگە ئېرىشىشتىكى بىردىنبىر يول شۇ نەرسە ئۈچۈن مۇۋاپىق بەدەل تۆلەشتۇر. بەدەل-مېھنەتسىز ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئادەم تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويغاندىن تارتىپ ئۆلۈپ كەتكىچە ھەرىكەت قىلىشى، ئەمگەك قىلىشى كېرەك.

— ھايات بىر تال گۈل. ئۇ ئېچىلىپ گۈزەللىكىنى، پۇراق چېچىپ قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ، كۈز كەلگەندە توزۇيدۇ.

— ھايات بىر كېمە. ئۇ پايانسىز تۇرمۇش دېڭىزىدا باشقا سان-ساناقسىز كېمىلەر ئارىسىدا ئۆز پورتىنى ئىزدەپ ئۆتىدۇ. ئەمما، كۆتكەن مەنزىلگە يېتىپ بېرىش-بارالماسلىقى رولچىغا — ھايات ئىگىسىگە باغلىق.

— ھايات — سەپەر قىلىشتۇر. قانداق يولدا مېڭىش، قەيەرگە بېرىش، قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇش خىلمۇخىل ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. نېمە

بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ھامان بىر خىل شەكىلدە تامام بولىدۇ.

— ھايات ھەركىم ئۆز تارىخىنى يازىدىغان بىر پارچە ئاق قەغەزدۇر. ئۇنىڭ ۋاقىت ئېقىنلىرىدا ئۆچۈپ كېتىش - كەتمەسلىكى يازغۇچىنىڭ شىجائىتىگە باغلىق.

— ھايات مەڭگۈلۈك جەريان. ئۇ ئاۋۋال ماددا ھالىتىدە ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە قىممىتىگە ئۇل سالىدۇ. ئاندىن روھ ھالىتىدە مەڭگۈلۈك ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. نەچچە 1000 يىللاردىن بۇيان بۈيۈك ھايات ئىگىلىرىنىڭ روھى ھېلىمۇ بىز بىلەن پىكىرلەشمەكتە، بىزنىڭ ئەقىل بۇلىقىمىزنى ئاچماقتا.

— ھايات مەجبۇرىيەت دېمەكتۇر. ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى تونۇش ئاساسىدا ۋىجدانىي مۇقەررەرلىكتە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچ ۋە مەجبۇرىيەتلىرى بولىدۇ. ئۇ پەقەت شۇنى ئادا قىلىش بىلەنلا «ئىنسان»لىق نامىنى ئاقلىيالايدۇ، دۇنيا ۋە ئادەملەر ئۈچۈن تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئەقەللىي ھايات چۈشەنچىسىدۇر.

— ھايات چۈش دېمەكتۇر. ئۇزۇن بولسۇن - قىسقا بولسۇن ئاخىرلاشمايدىغان چۈش بولمىغىنىدەك، نېمە ئىشلارنى كۆرۈشتىن قەتئىينەزەر مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئويغىنىساڭ ھەممە تامام بولىدۇ.

ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھايات توغرىسىدىكى تەبىر - ئىزاھاتلىرىنى ئاڭلاپ، ھەممىنى ماقۇل تاپساممۇ، ئىچىمدە ئويلاپ تۇرغان ئۆز تەبىرىمنى ئۆزۈممۇ تۇيمىغان ھالدا ئاشكارىلىۋەتتىم. ئەمما: «ھايات بىر تال پىچاقتۇر...» دېيىشىمگىلا ھەممەيلەن بىردىنلا جىمىپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا مېنى زاڭلىق قىلىشقىنىچە پاراقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. بىراق، مەن قىلچە تەمتىرىمەستىن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى دېيىشكە باشلىدىم:

شۇنداق، ھايات بىر تال پىچاققا ئوخشايدۇ. ئەسلىدە مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئويلاردا بولغان. ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە باھا بېرىش ئۈچۈن يېنىكلىك بىلەن قارار چىقىرىشنىڭ ئاقىلانىلىك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ چوڭقۇر ئويلىنىش نەتىجىسىدە بۇ يەكۈنگە ئېرىشتىم. مېنىڭچە، بۇ قارىشىمنى سىلەرنىڭ قاراشلىرىڭلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنسەك ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز تېخىمۇ مۇكەممەل بولامدىكىن دەيمەن، ئەمەلىيەتتە بۇ قارارغا كېلىشكە سەۋەب بولغان كىشى نەۋرە ئاكام بولۇپ، ئۇ قاسساپلىق قىلاتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇنىڭ ئۇستىسىدىن يادىكار قالغان بىر پىچىقى بولىدىغان. بۇ پىچاق ياخشى سۇغۇرۇلغان ۋە ماتېرىيالى ياخشى بولغاچقا ئۇستىسى ئون نەچچە يىل مۇشۇ پىچاقتا قاسساپلىق قىلىپ كەلگەن بولۇپ، كۆپ ئىشلىتىلىش نەتىجىسىدە بىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئۇپراپ تۈگىگەنىكەن. كېيىن نەۋرە ئاكام دۇكان ئايرىغاندا ئۇنىڭغا يادىكار قىپتىكەن. ھازىر يىراقتىن قاراشقا ئەتۈبىرگە ئوخشاپ قالغانىدى. دېمەك، ئۇ پىچاق ئىشقا كىرىشكەندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر توختىماي ئىشلىتىلىپ كەلگەنلىكتىن ئۇپراپ تۈگەشكە ئاز قالغان، ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ بىر پىچاققا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئىشلىتىلمىسە دات باسىدۇ. شۇنىڭدەك، ھېچنېمە قىلمىغان ئادەم ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن ئەكسىچە كېسەللىك، موھتاجلىق، ئازاب - قىسمەتلەر بىلەن ياشاپ تۈگەيدۇ. ئەمما ئۇ ئىشلىتىلسىمۇ (ئىشلىسىمۇ) تۈگەيدۇ. بىراق، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوخشىمايدىغىنى ئادەم ئۇلۇغۋار مەقسەت - نىشانلارنى بويلاپ بىر ئۆمۈر مەنىلىك ئىش - پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغىنىدىلا ئاندىن، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىپ ئىقبال چوققىلىرىدا غەلىبە تۇغىنى لەپىلدىتەلەيدۇ. بۇ دۇنيادا ئىنسان ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ئېرىشەلەيدىغان بارلىق نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ ۋە مەغرۇر ياشاپ دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىدۇ. ئادەم قانچە ياش ئۆمۈر كۆرۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ باشتىن - ئاخىر تىرىشىشتىن باش تارتماي ئىش قىلىش، نەتىجە يارىتىش بىلەن تىنىم - تاپماي ئۆتكەندىلا ئاندىن، ئۇنىڭ ئۆمرى ئاشۇ پىچاقتەك مەنىلىك ئۆتكەن بولىدۇ. چۈنكى «ھەر بىر ئادەم قانداقتۇر بىر ئىش ئۈچۈن دۇنياغا كېلىدۇ. يەر يۈزىدە ياشاپ يۈرگەن ھەر بىر ئىنسانىنىڭ ھاياتتا تېگىشلىك ۋەزىپىسى بار.» (ھېمىڭۋاي) «ئىنسان ماھىيىتى ھەممىدىن ياخشىراق، ھەممىدىن ئالىيجانابىراق ۋە مۇكەممەل ھالدا ئۇنىڭ پائالىيىتىدە، ئۇنىڭ ئەمگىكى ۋە ئىجادىدا نامايان بولىدۇ.» (پادېيېۋ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



«ئىنسان ئەمگەك قىلىۋاتقان ۋاقىتتىلا تولۇق مەنىدىكى ئىنسانغا ئايلىنىدۇ» (گېيوۋ) خۇددى تىنىمسىز ھەرىكەتلىنىۋاتقان پىچاقتەك ھەر بىر ھايات پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتكەندىلا ھەقىقىي خۇشاللىق تاپالايدۇ، ئىللەتلەردىن خالىي بولالايدۇ. ۋۇجۇدى پەزىلەت ۋە كۈچ - قۇدرەتكە تولۇپ بارىدۇ. ئۇپرىغان پىچاقتەك دۇنيادىن ئارمانسىز كېتەلەيدۇ. ئۆزىنى زۆرۈرىي تىرىشچانلىق قويىنىغا ئاتمىغان ھايات بولسا، داتلىشىپ كەتكەن پىچاق كېرەكسىز تۆمۈر - تەسەككە ئايلىنىپ كەتكەندەك مۇقەررەر ھالدا يوقىلىۇقا يۈزلىنىدۇ. گەرچە ئىشلىگەن ھايات ئۇپراپ تۈگگەندەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇ ئۆزى كەسكەن ھەر بىر نەرسىگە سىڭىپ ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا، ئىنسان ئۈچۈن ئۇلۇغۋار ئىشلار يولىدا ياشاپ - ئۆلۈش ئاجايىپ بەختىيارلىق ھېسابلىنىدۇكى، ئۇنداق ھايات ئەمەلىيەتتە ئۆلمەيدۇ. بەلكى، ئاشۇ پىچاققا ئوخشاش باشقىچە (روھىي) شەكىلدە ياشايدۇ، يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ.

جاننى ئۇپراتماي تەييارغا ھەييار بولۇپ باشقىلارنىڭ «ئۇپرىشى» ھېسابىغا ياشاشنىمۇ ئارتۇق بەتبەخىلىك ۋە نومۇسسىزلىق بولمىسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، بىر ئادەم قاسساپنىڭ قولىدا ئۇپراپ تۈگگىچە ئىشلىتىلگەن پىچاقتەك ھاياتلىققا مەڭگۈ كېرەك بولۇپ ياشىيالىغاندىلا، ھاياتتا قانچىلىك قىسمەتكە دۇچار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەمنۇنلۇق ھېس قىلىدىغان ھاياتلىق بولمايدۇ. پىچاقلىق روھى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشەلىگەن ھاياتلا قىممەتلىك ۋە بەختلىك ھاياتتۇر. ئىنسانىيەتكە كېرەكلىك ۋە پايدىلىق ھاياتتۇر. «بىز ھەمىشە كۈنىمىز ئازلىقىدىن قاقشايمىز، لېكىن، بىز ھەرىكەتكە كەلسەك بۇ كۈنلەر پۈتمەس - تۈگىمەس بولىدۇ» (سېنكا) شۇڭا، ئەڭ ئاۋۋال ھاياتلىق پىچىقىمىزنى كېرەكلىك ھالغا كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. شۇندىلا ئۇ داتلىشىپلا قالماستىن، ئىشلەش جەريانىدا ۋالىلداپ نۇر چاچىدۇ. پەقەت ئۇپراپ تۈگەش ئىرادىسى ۋە جاسارىتى بولغاندىلا، ئىنسان ناھايىتى قىسقا ھاياتىنى مەڭگۈلۈك سۈلكەتكە ئىگە قىلالايدۇ، بەخت - سائادەت ۋە بارلىق ھايات لەززىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

2

قايسىبىر دانىشمەن «جەننەتمۇ، دوزاخمۇ مۇشۇ دۇنيادا» دېگەنىكەن. كېيىن ئۇقسام دۇنيادىكى چوڭ دىنلار ۋە مۇقەددەس كىتابلارمۇ بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدىكەن. چۈنكى، بۇ دۇنيادىكى ياخشى - يامانلىقنى ئۇ دۇنيادا «جەننەت» ۋە «دوزاخ»قا كىرىشنىڭ شەرتى قىلىش ھەممىسگە ئورتاق. ئىنسانىيەت يارىتىلغاندىن تارتىپ ياخشى - يامانلىقنىڭ ئۆلچىمى ئېنىق ئايرىلىپ كەلگەن. بىر ئادەمنىڭ قانداق ئائىلىدە، قانداق دۆلەت ۋە مىللەتتە، قانداق ئەھۋالدا بولۇشىدىن، قانداق تەربىيەلەنگەنلىكى، قانداق ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى، قانداق نەسىل - نەسەبكە ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئورتاق ۋە باراۋەر ھالدا بۇ ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇنداقتا ياخشىلىقنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟ ئۇ بولسىمۇ، بىر ئادەم ياشاش جەريانىدا باشقىلارنىڭ ئەركى، ھوقۇق - مەنپەئەتى، غۇرۇر - ئىززىتى، تىنچلىقى ۋە بەختىگە دەخلى قىلمىغان، تۈرلۈك ئەخلاقىي قائىدىلەر ۋە ئەقەللىي ئىنسانىي مەجبۇرىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلمىغان، ھەقلىق رەۋىشتىكى روزىغارى بىلەن ياشىغان ۋە ئۆمرىنى مەنىلىك، پايدىلىق ئىشلار بىلەن مېھنەت، مۇھەببەت، گۈزەللىك، ئېزگۈلۈك ۋە ئەقىدە - ئېتىقاد ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ھالەت بولسا يامانلىقنىڭ ئۆلچىمىدۇر. بىر ئادەم ئۆمۈر بويى ئۆزى بىلەنلا بولسا، باشقىلارنىڭ جۈملىدىن قېرىنداشلىرى، قوۋمداشلىرى ۋە ئەتراپىدىكى باشقا كىشىلەرنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى بولمىسا، مەنپەئەتپەرەسلىك، پۇلپەرەسلىك، پۇرسەتپەرەسلىك، ئالدامچىلىق، رەھىمسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق، تىرىكتاپلىق، يۈزسىزلىك بىلەن ياشاپ ئىنسانىي ۋە ئەخلاقىي پىرىنسىپلاردىن چەتنىسە ۋە ھېچقانداق مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىسا، «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەپ دۇنيادىن ئىزناسىز ئۆتسە، مانا بۇلار جۈملىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى دەل گۇمراھلىق

ۋە يامانلىقتىن دەللىدۇر.

دېمەك، بۇ ئىككى خىل ئەھۋال «دوزاخ» بىلەن «جەننەت»نىڭ ئالامىتىدۇر. كىمدەكىم يامانلىق بىلەن مەشغۇل بولسا بۇ دۇنيادىمۇ ئوخشاشلا دوزاخنىڭ كۈنىنى كۆرىدۇ. پېئىلى ۋە خۇلقىدىن، سۆزى ۋە يولىدىن يامانلىق تەپچىپ تۇرغان ئادەملەرنى ئەڭ ئاددىيسى كىشىلەر ئارىغا ئالمايدۇ، يەكلەيدۇ، پۇرسەت بەرمەيدۇ، ئۆمۈر بويى مال ـ دۇنيا يىغىپ كىشىگە موچەن چاغلىق نەپ يەتكۈزمىگەن بېخىل بايلار، بەتنىيەتلىك، چېقىمچىلىق، ئىپلاسلىق بىلەن باشقىلارنى بەختسىزلىككە مۇپتىلا قىلغانلار، سۇتخور ـ جازانىخورلار، بەتخۇي لۈكچەكلەر، ھاياسىزلار، ھۇرۇن ـ ئاقانچىلار، كىشىنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان مەلئۇنلار، بىر مىسقال نەپ ئۈچۈن قېنىنى، غورۇرىنى ساتىدىغان ھارامتاماقلار، ئەل بېشىغا كۈن چۈشسە غېمىدە يوق يۈرىدىغان ھايۋانلار، بىراۋ ئۆلۈۋاتسا قېتىغا ئېلىپ قويمايدىغان تاش يۈرەكلەر، ئۆزى بىر ئىشنى قىلماي ۋە قىلالمايدىغان، ئەمما باشقىلارنى يارىتامايدىغان يارىماسلار، ئەقىدە ـ ئېتىقادسىز، مەسلەك ـ مەۋقەسىز، غايە ـ نىشانسىز، پەم ـ پىلانسىز، ... ياشاۋاتقانلار دەل يامانلاردىندۇر.

بۇلاردىن قارىغاندا، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر «جەننەت»تە ياشىسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر «دوزاخ»تا ياشايدۇ. بەزىلەر بولسا ئۆزلىرىنىڭ يۆنىلىشى ۋە تاللىشى بويىچە يا ئۇنىڭغا، يا بۇنىڭغا قاراپ كېتىۋاتقان بولىدۇ. بەزىلەر ئۆزلىرى تاللىغان يولغا بىلىپ تۇرۇپ ماڭسا، بەزىلەر بىلمەي ماڭىدۇ. بىلگەنلەر جاھىللىقتىن ماڭسا، بىلمىگەنلەر نادانلىقتىن ماڭىدۇ. بىراق، ئۇنىڭغا نېمە سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دۇنيادا پەقەت شۇ ئىككى خىل يول ۋە ئىككى خىل ئادەملا بار. مەيلى نادانلىق، مەيلى جاھىللىق بولسۇن ھەر ئىككىلىسىنى ئوخشاشلا ئاقلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئادەم ئەلەيھىسسالام چەكلەنگەن مېۋىنى يېگەندىن باشلاپ ئىنسانلارنىڭ تاللاش ئەركىنلىكى ئۆزىدە بولىدىغانلىقى ئايان بولغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزى تاللىغان «دوزاخ»تىن قانداق قۇتۇلغىلى بولىدۇ؟ قۇتۇلۇش ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن مۇنداق بىر نۇقتىنى تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ھوشنى تاپقان ھامان ئاتىنىڭ بېشىنى ياردىن تارتىشتۇر. ئويغانغان ھامان ئورنىدىن تۇرۇشتۇر. گۇمراھلىقنى تۇيغان ھامان بارلىق تىرىشچانلىق بىلەن «جەننەت» ئادىمىگە ئايلىنىشتۇر.

3

بىر ئادەم قازا قىلىپ دوزاخقا قاراپ يول ئاپتۇ. كېتىۋېتىپ يالتىراپ نۇر چېچىپ تۇرغان بىر ئوردىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئوردا غوجايىنى ئۇ كىشىنى قوندۇرۇپ قاپتۇ.

— پانىي دۇنيادا بىر ئۆمۈر ئازاب چەكتىم، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم، — مېھنەت دېگەنگە ئۆچ بولۇپ كەتتىم، ئەمدى پەقەت يەپ ياتساملا دەيمەن.

ئوردا غوجايىنى دەپتۇ:

— ناۋادا شۇنداق ئويلىغان بولساڭ، بۇ يەر ساڭا ئەڭ باب كېلىدۇ. بۇ يەردە ئېسىل نازۇ نېمەتلەر ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ، ئۇخلايمەن دېسەڭ تۆشەك تەييار، ساڭا ھېچكىم دەخلى قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە ئىش قىلىش ھاجەتسىز.

شۇنداق قىلىپ ھېلىقى ئادەم بۇ يەردە تۇرۇپ قاپتۇ. دەسلەپتە يەپ تويسا ئۇخلاپتۇ، ئويغانسا يەپتۇ، راھەتلىنىپتۇ، كېيىنچە زېرىكىپ غوجايىنغا دەپتۇ:

— يەپلا ياتىدىغان بۇنداق ھاياتتىن تويدۇم، ماڭا قىلغۇدەك بىرەر ئىش بارمىدۇ؟

ئوردا غوجايىنى دەپتۇ:

— يوقسۇ، بۇ دېگەن مېھنەتسىز دۇنيادۇر.

بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئادەم مۇنداق تۇرمۇشتىن جاق تويۇپ غوجايىننى ئىزدەپ بېرىپ دەپتۇ:

— بۇنداق ياشاشقا بەرداشلىق بەرگۈچىلىكىم قالمىدى، ناۋادا ماڭا قىلغۇدەك بىرەر ئىش تېپىپ بەرمىسەڭ، «دوزاخ»قا كىرىشكە رازىمەنكى، بۇ يەردە تۇرمايمەن.

ئوردا غوجايىنى كۈلۈپ كېتىپ دەپتۇ:

— سەن بۇ يەرنى «جەننەت» دەپ قالغانمىدىڭ؟ بۇ دەل «دوزاخ»نىڭ ئۆزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ھەقىقەتەنمۇ، «دوزاخ» دەل بىر نورمال ئادەم ئۈچۈن مۇۋاپىق بىرەر ئىشنىڭ بولماسلىقىدىن ئىبارەت. چۈنكى، ئادەم پەقەت ئىش ـ ئەمگەك ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى ھېس قىلالايدۇ ۋە «جەننەت»كە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ دۇنيادا بىرەر نەرسىگە ئىشلىمەي تۇرۇپ ئېرىشىشنى ۋە ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىگە ئېرىشىشنى تەمە قىلىدىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ قەلبى قۇرۇق، كۆزى كور ۋە سېزىملىرى ئىشلىمەستۇر. ئىنسان بەدەلسىز نەرسىنىڭ قەدرىنى قىلمىغانلىقتىن رىزقىنى مېھنەت ئارقىلىق تېپىپ يېيىشكە بۇيرۇلغان. شۇنىڭدەك ئادەم شۇ كويغا كىرگەندىن باشلاپ پىكرى بۇزۇلۇپ ھەرىكىتىدە ئەگرىلىك كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئېغىرلاشقاندىن كېيىن ئىنساب ـ دىيانەت، نومۇس ـ ھايا... دېگەنلەردىن يىراقلىشىپ بارىدۇ. تەنقىد ـ ئىبرەت ۋە نەسىھەت ـ ئىشارەتلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ. ئۆز يولىدا جاھىللىق بىلەن كېتىۋېرىدۇ. «ئۆيلىماي ئىش قىلغان ئاغرىماي ئۆلەر» دېگەندەك، ھامان يوقلۇق ئۈچۈن تىركىشىدۇ.

لاغايلاپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان، بىرەر خەيرلىك ئىش قىلمايدىغان، بار ـ يوقنى تەقدىردىن كۆرىدىغان، مېھنەتلىك ياشىمايدىغان ئادەملەر شۇ كويغا كىرگەندىن كېيىن تەبىئىتىدە بۇزۇلۇش يۈز بېرىدۇ. ناكورلۇق، ئەقىدىسىزلىك. غەيۋەت ـ شىكايەت، بەتنىيەتلىك، ئالا كۆڭۈللۈك، چىدىماسلىق، تۆھمەتخورلۇق، ساتقىنلىق، ئۇششۇقلۇق، قەستخورلۇق، ئالدامچىلىق، قويمىچىلىق... ۋاھاكازالارغا ئادەتلىنىپ «دوزاخ ئەھلى»گە ئايلىنىدۇ. بىكارچىلىقتىن يوقلۇق، يوقلۇقتىن تەمە ۋە باشقىلار يىلتىز تارتىپ چىقىدۇ. كىمكى بىرەر دۇرۇس ئىش بىلەن مەشغۇل بولمايدىكەن، ئۇنىڭدا چوقۇم يۇقىرىقىدەك ئىللەتلەر تېزلا باش كۆتۈرىدۇ. ئۇنداق ئادەملەر مۇقەررەر ھالدا ئەل ـ جامائەتتىن، ياردەم ۋە قوللاشتىن، ئادىمىلىكىدىن ۋە ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىدىن ئايرىلىپ بۇ دۇنيادىكى «دوزاخ»تا ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. كىمكى ئىشلىمەي چىشلەشنى خىيال قىلىدىكەن، شۇ مېھنەتسىزدۇر ۋە «دوزاخ»قا ھەۋەس قىلىۋاتقاندۇر. ئەتراپىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر دەل تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك بېسىملىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئەقىل ـ پاراستى، ئېتىقادى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ئىگىلىك تىكلىمەكتە، كەشپىياتلار ياراتماقتا، ئادەم داۋالىماقتا، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقتا، ئېتىز ـ قىرلاردا ئىشلىمەكتە، ئىشچان قولى ۋە ئۆتكۈر كاللىسى بىلەن نى ـ نى مۆرۋۋەتلىك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ مەغرۇر ۋە خۇشال ياشىماقتا. ھەر بىر مىنۇتنى قەدىرلەپ ھاياتنىڭ قىممىتىنى ياراتماقتا. ئۇلاردا كۈتۈش يوق، ئۇلاردا تەمە، ھەسەت، غەيۋەت، ھىيلە ـ مىكىر، تۇزاق، قۇسۇر، دادلاش، قاقشاش، ئورا كولاش، تۆھمەت ... دېگەنلەردىن ئەسەر يوق. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يامانلىققا ۋاقتى ۋە مەيلى يوق. بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋايى ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار:

بىر ياش يىگىت مەدىكارلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن. ئۇ شۇ جەرياندا ئادەملەر ئارىسىدا بولغان جېدەل ـ ماجىرانى بېسىقتۇرۇپ، بىراۋنىڭ ھارۋىسى پېتىپ قالسا ھە ـ ھۇ دەپ چىقىرىشىپ بېرىپ كىشىلەرگە ياردەم قىلىپ تۇرىدىكەن. يىگىتنىكى بۇ خىسلەتلەرنى كۆرگەن نەۋايى ئۇنى ھۆرمەتلەپ قاچان كۆرسە ئۇنىڭدىن بۇرۇن سالام بېرىپ ئۆتىدىكەن. يىگىت نەۋايىنىڭ بۇ ھۆرمىتىگە ئەجەبلىنىپ: «مەن ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئادەملەرنىڭ جېدەل ـ ماجىرالىرىنى بېسىقتۇرۇپ، لايغا پاتقان ھارۋىلارنى چىقىرىشىپ يۈرۈشتىن باشقا مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلالمايۋاتساممۇ نەۋايى مېنى نېمىشقا بۇنچىلىك ھۆرمەت قىلىدۇ؟ ... بالىچاقام بولمىغاندىكىن ماڭا مال ـ دۇنيانىڭ، نام شۆھرەتنىڭ نېمە كېرىكى بار» دەپ ئويلاپ تەركىدۇنيالىق يولىغا مېڭىپ ھېچكىمنىڭ ھېچ قانداق ئىشى بىلەن كارى بولماي ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى يىگىت ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرغانىكەن. نەۋايى ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر يىگىت بىلەن پاراڭلىشىپ ئۆتۈپ قاپتۇ. ھېلىقى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بىلەن سالام بېرىپتۇ. نەۋايى سالامنى ئىلىك ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا

قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. يىگىت «نەۋايى يېنىدىكى يىگىتنىڭ گېپىگە بېرىلىپ كېتىپ مېنى كۆرمەي قالغان بولسا كېرەك» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتە - ئۆتمەي نەۋايى يەنە شۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىپتۇ. نەۋايى يەنىلا پىسەنت قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت ھەيران بولۇپ نەۋايىدىن:

— تەقسىر، بۇرۇن سالام بېرىپ ئۆتەر ئىدىڭىز، ئەمدى مەن سىزگە سالام بەرسەم ئېلىك ئالمايسىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

نەۋايى:

— بۇرۇن خەلققە پايداڭ تېگىپ تۇراتتى. ئەمدى بولسا ئەتىگەندىن كەچكىچە باشقىلارنىڭ پايدا يەتكۈزۈشىگە قاراپ تەمە بىلەن ئولتۇرىسەن، سالىمىڭنى ئېلىك ئالماسلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇ، — دەپتۇ.

نەۋايىنىڭ بۇ سۆزلىرى يىگىتكە قاتتىق تەسىر قىلىپ يەنە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىشىنى قىلىدىغان بوپتۇ.

بۇنىڭدىن شۇ مەلۇمكى، ئىززەت كىشىلەر ئارىسىدا. ھۆرمەت بىزنىڭ ئىزگۈ قەدەملىرىمىزدە، بەخت بىزنىڭ ھاياتلىق سادايىمىزدا، مەۋجۇتلۇقىمىز ھەققانىيلىق ۋە ھالاللىق بىلەن تويۇنغان ئىش - پائالىيەتلىرىمىزدە. ھەر بىر نەرسىگە ئېرىشمەن دەيدىكەنمىز يېتەرلىك مېھنەت قىلىشىمىز كېرەك. «ئادەمنى ھېچ نەرسە ئەمگەكتەك يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلمەيدۇ. ئادەم ئەمگەكسىز ئۆز ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى ساقلىيالمايدۇ» (تولستوي). «ئىنسان ئەمگەك قىلىۋاتقان چاغدىلا تولۇق (ھەقىقىي مەنىدىكى) ئىنسانغا ئايلىنالايدۇ» (گېيوۋ). ھەقىقەتەنمۇ ئادەملەر ئۈچۈن ھەقىقىي خەزىنە — ئەمگەك قىلىشنى بىلىشتۇر.

4

ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق ھالەت — قورساق سېلىپ سەمرىش، كۆپ ئۇخلاش، ھورۇنلۇقتۇر. بۇ ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. گەرچە نۇرغۇن كىشىلەر كېچە - كۈندۈز مىدىرلاۋاتقان، ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاۋازىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىيالمايدۇ. يەنە بەزىلەر پەقەت ئۆزلىرى خاتىرجەم بولغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈرچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان. بەزىلەر بولسا ئۆز ئەمگىكىنىڭ كەم ۋە نېمە ئۈچۈنلۈكى، قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ھەققىدە ئويلانمايدۇ. بەزىلەرنىڭ تېخىمۇ زور ئىمكانىيىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتى بولسىمۇ ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. بەزىلەر بەزىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ يىراقنى كۆرەلىگەن تۇرۇقلۇق ئەمەلىي ھەرىكەتكە كەلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلار «ھاياتتا ئەڭ نازۇك جىسمانىي ياكى ئەخلاقىي پەزىلەتتىمۇ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشماي تۇرۇپ، تەييارتاپلىق قىلىشتەك گۇناھنى يۇيۇشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ» (ب. ئوشۇ) دېگەن ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ. سىز مەيلى جەمئىيەتنىڭ قايسى قاتلىمىدا بولۇڭ، مەيلى قانداق ئەھۋال ۋە سەۋىيەدىكى ئادەم بولۇڭ، سىزنىڭ كىملىكىڭىز ۋە ئىنسانلىقىڭىز، پەقەت كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىڭىزنىڭ پەزىلىتى، ئېتىقادى، جاسارىتى، مۇھەببىتى، ھەققانىي ۋە مېھنىتى بىلەن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەمگەك، يېڭىلىق، تۆھپە ۋە ياخشىلىق بىلەن چاقنايدۇ. ئوت كۆيمىسە ئۆچۈپ قالىدۇ، سۇ ئاقمىسا سېسىپ كېتىدۇ، ئادەملەر مېھنەت قىلمىسا يوقىلىدۇ، بۇ ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى.

بىر كۈنى كۆكتات يۇيۇپ ئولتۇرغان دىئوگېن (قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى)نىڭ قۇلىقىغا ئەپلاتون پىچىرلاپتۇ:

— غوجايىنىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن بولساڭ، كۆكتات يۇيۇپ ئولتۇرمىغان بولاتتىڭ. دىئوگېنمۇ ئەپلاتوننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ:

— كۆكتات يۇيۇشنى بىلگەن بولساڭ غوجايىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرمىگەن بولاتتىڭ.

نۇرغۇن كىشىلەر ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلاردا ياشايدۇ. بىراق يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرەرىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ياراتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نەتىجىلىرىگە ھەۋەس قىلىدۇ، ھەتتا ھەسەت قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر خۇددى پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ قالغاندەك تىرىشىپ - تىرماشسىمۇ جاپا - مۇشەققەتتىن نېرى بولالمايدۇ. بىر قىسىم ئادەملەر ھاياتنى بىلەرمەنلىك قىلىپ ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىپ بەللىرى پۈكۈلگەندە پۇشايمان ئىچىدە ئارمان بىلەن ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئادەملەر دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى، ئىنسان سۈپىتىدە نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئادەملەر بولسا ئۆمۈر بويى پالاقشىسىمۇ ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئاران چىقالايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ھېچكىمنىڭ زوۋۇلىسى ئارتۇق - كەم ئۈزۈلگەن ئەمەس. ھەممىمىز ئوخشاش بىر دۇنيادا ياشايمىز. ھەممىمىزگە ئوخشاشلا ئەقىل - ئىدراك ۋە ئىمكانىيەت ئاتا قىلىنغان. ھەممىمىزگە ئۆزىمىز قىلىشقا تېگىشلىك ۋە قىلالايدىغان ئىشلار بۇيرۇلغان. بىراق تۇرلۇك سەۋەبلەردىن، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشنى تاپالمايمىز، تاپساقمۇ تولۇق ۋە لايىقىدا قىلالمايمىز.

تېپىشقا ئېرىنىمىز، ھەتتا رەت قىلىمىز. بىر چاغلارغا بارغاندا بولسا تەقدىردىن، باشقىلاردىن ئاغرىنىمىز ۋە قاقشايمىز. دۇنيا ۋە ھايات ئەزەلدىن شۇنداق. بىراق، ئۆزىمىزنىڭ ئىشنى تېپىپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلماستىن ھېچكىم ۋە ھېچنېمىدىن قاقشاش ھوقۇقىمىز يوق. چۈنكى، بىز شۇ چاغدىلا ئادەم بولالايمىز، كۆتكەنگە ئېرىشەلەيمىز، ياخشى ياشىيالايمىز، موھتاجلىقتا قالمايمىز، ھەرىكەتسىز كۈتۈشنىڭ ئۆلۈمدىن باشقا نەتىجىسى بولمايدۇ.

قىسقىسى، ئەگەر بىز ھەرىكەتكە كەلسەكلا، ئەقىل - پاراستىمىز ۋە كۈچ - قۇدرىتىمىزنى ئىشقا سالساقلا، قەدەملىرىمىزدىن ئىز گۈلۈك، يېڭىلىق، توغرىلىق ۋە غالىبلىق نۇرلىرىنى چاقنىتالىساقلا، تۇرمۇشىمىزدا ھەيران قالارلىق ئىشلار ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ھاياتىمىزنى كېرەكلىك پىچاققا ئايلاندۇرالىساقلا، تەقدىرىمىزدىكى ھەر بىر ئۆزگىرىش بىزنى ئازابتىن خالىي قىلىدۇ، ئەركىنلىك ۋە ئاسايىشلىق گۈللىنىشكە يەتكۈزىدۇ.

ئاپتور: ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە.

(بېشى 80 - بەتتە)

## ياشانساقمۇ ياشايمىز ياشتەك

كىم ئېيتىدۇ بىزنى چاباش دەپ،
يۈرىكىمىز يانار ئاتەشتەك.
قەددىمىز رۇس، قەدەملەر تاشتەك،
ياشانساقمۇ ياشايمىز ياشتەك.

گۈللەر ئۈزۈپ بارساق باغلارغا،
ئات چاپتۇرۇپ چىقساق تاغلارغا.
قايتالايمىز گۆدەك چاغلارغا،
ياشانساقمۇ ياشايمىز ياشتەك.

كۆرمىگەن كۆپ كۆرگىنىمىزدىن،
پەخىرلىنىمىز سۆيگىنىمىزدىن.
دەردلەر ئالدىدا كۈلگىنىمىزدىن،
ياشانساقمۇ ياشايمىز ياشتەك.

ئىزىمىزدا ئالتۇن دەۋرلەر،
ئارقىمىزدىن كېلەر نەۋرىلەر.
گۈلسىز قالماس بىزنىڭ قەبرىلەر،
ياشانساقمۇ ياشايمىز ياشتەك.

ئۆمۈر بىر قۇش، ئۆمۈر ئاتقان ئوق،
ئەتىگەن بار، تاڭلا ئەتە يوق.
كىملەر كىرگەن يۈز ياشقا تولۇق،
شوخ ياشايلى دىلدا ئارمان يوق!

2017 - يىلى 12 - يانۋاردىن 25 - يانۋارغىچە سېنگال، رۋاندا، سېشىل.

قۇربانجان ئابدۇقادىر

# كىلاسسىكلار چۈشەنچىسىدە ئەخلاق

**1. ئەخلاق ھەققىدە**

ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەخلاق» ئاتالغۇسى ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، بۇ سۆز ئەرەب تىلىدىكى «خۇلق» سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى. ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى كۆپ ئادەمنىڭ ساپاسى، مىجەز - خۇيى ياكى بىر ئادەمگە خۇي - پەيل بولۇپ قالغان ھەرىكەت قىلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەخلاق» ئاتالغۇسى ئىپادىلىگەن مەزكۇر ئۇقۇم «ئەردەم» سۆزى بىلەن ئىپادىلەنگەن.

نۆۋەتتە ئىلىم ساھەسىدە، ئەخلاق ئۇقۇمى يەنە «ئېتىكا» دېگەن نام بىلەنمۇ ئىپادە قىلىنماقتا. «ئېتىكا» (ethics) سۆزى گرېك تىلىدىكى «ethos» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «ethos»نىڭ ئەسلىي مەنىسى «ماھىيەت»، «مىجەز - خاراكتېر» ۋە «ئۆرپ - ئادەت» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەخلاق ئىنساننىڭ تۈرلۈك ياخشى خۇلقلىرى ۋە مۇشۇ خۇلقلارغا مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەت مىزانىدىن ئىبارەت. فۇنكسىيەسى نۇقتىسىدىن قارىغىنىمىزدا، ئەخلاق ئەخلاقىي قىممەت يارىتىدىغان پرىنسىپلار بولۇپ، مەلۇم خىل ئەخلاقىي پرىنسىپنىڭ ئەخلاقىي قىممەت ياراتقان ياكى ياراتمىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئەخلاق ھەققىتىدۇر. مەسىلەن: چوڭ جەھەتتىن ئادەم تىللاش ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا مۇخالىپ، شۇڭا بۇ خىل ھەرىكەت ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىلىدۇ. ئەمما تىللىنىشقا لايىق رەزىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى تىللاش بولسا باش چۆكۈرۈۋېلىش ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتنى ئادا قىلماسلىققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر تۈرلۈك ئەخلاقىي ھەرىكەت. ئەكسىچە ئۇنى تىللىماسلىق بىر خىل ئەخلاقسىزلىقتۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن پرىنسىپنىڭ ئەخلاقىي قىممەت ياراتقان ياكى ياراتمىغانلىقى ئۇنىڭ ئەخلاق ھەققىتىگە ئۇيغۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇنداقتا ئەخلاق ھەققىتى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇ ئەخلاقنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى مەنسۇپ بولغان ئەمەلىيەت بولۇپ، ئېتىكا ئىلمىدە ئەخلاقنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى ۋە ئۇ مەنسۇپ ئەمەلىيەتنى ئېتىكىشۇناسلار

**كىلاسسىكلاردىن ھېكمەت**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ۋە پەيلاسوپلار ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن شەرھلەيدۇ. مۇشۇ خىل قاراشلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقىنىمىزدا، ئەخلاق ھەقىقىتى — ئەخلاقىي پرىنسىپلارنىڭ سۈپەت جەھەتتىن ئىسپاتلاش بىھاجەت ھالەتتىكى «ياخشى» ۋە «توغرا» كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپلۇقى؛ فۇنكسىيە جەھەتتىن نىيەت ۋە ئۇسۇل توغرا بولسىلا ياخشى نەتىجە بېرىشى؛ ئىسپاتلىنىش جەھەتتىن ئىنسانىيەتنىڭ تەجرىبە ۋە ئەقلىي يەكۈنلىرىدىن ئۆتكەنلىكى؛ تەتبىقلىنىش جەھەتتىن ھەممە ئىنسانغا ئورتاقلىقى؛ بىلىنىش جەھەتتىن ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلۇقى؛ مەۋجۇتلۇق جەھەتتىن ئوبيېكتىپلىقى ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە بولغان زۆرۈر رولى قاتارلىق ماھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئەخلاق ھەقىقىتى مەنسۇپ بولغان مۇشۇ ئەمەلىيەت ئەخلاقىي پرىنسىپلارنىڭ نوپۇزى ۋە ئىنساننىڭ ئۇنىڭ ئالدىدىكى تاللاشسىزلىقىنى دەلىللەيدۇ. ئەلۋەتتە «ئىنساننىڭ تاللاشسىزلىقى» دېگەندە، ئىنساننىڭ ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى ئادا قىلماسلىقتىكى ئامالسىزلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، ئەكسىچە ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلمىغان ئىنساننىڭ ئېتىراپ قىلىش ياكى قىلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ھامان مەنپىي ئۈنۈمگە ئېرىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئەخلاقىي پرىنسىپلارنىڭ قانۇنغا ئوخشاش جازالاش كۈچى يوقتەك قىلسىمۇ، ئەمما ئىنسان تەبىئىتىنى يېتەكلەش ۋە ئىنسان تەبىئىتى ئىنتىلىدىغان نەرسىلەرنى پاكىز ھالەتتە مەيدانغا كەلتۈرۈش كۈچى قانۇنىنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا مەنىۋى كامالەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان جەمئىيەتتە ئەخلاقنىڭ نوپۇزى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنداق بىر ئوخشىتىش قىلىشقا بولىدۇ: ئەخلاق ئىچكى كېسەللەر دوختۇرى بولسا، قانۇن تاشقى كېسەللەر دوختۇرى. ئەگەر ئىنساننىڭ مەسىلىسىنى ئىچكى كېسەللەر دوختۇرى بىلەن ساقايتىشقا ئىمكانىيەت بولغان بولسا، ئوپېراتسىيە پىچىقىغا ۋە كېسىپ - ئۇلاشلارغا ئېھتىياج چۈشمىگەن بولاتتى. دېمەك، گەرچە تاشقى كېسەللىك داۋالىشنىڭ تەرەققىياتى تېبابەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسىمۇ، ئەمما بۇ يەنە بىر نۇقتىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ساغلاملىق جەھەتتە چېكىنگەنلىكىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنداقتا بۇ زور تەرەققىيات بىلەن زور چېكىنىش بىر - بىرىنى يېيىشىپ ئىنسانغا ھەقىقىي ئېشىپ قالىدىغىنى نېمە بولىدۇ؟ ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا ئېتىبار بەرمەسلىك مۇتلەق مەنپىي ئۈنۈم ئېلىپ كېلىدۇ، دېگىنىمىزنىڭ دەلىلى دەل مۇشۇ يەردە.

يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئەخلاقىي قىممەت يارىتالمايدىغان ھەرىكەتلەرنىڭ ئىگىلىرىغۇ ئاللىقاچان ئەخلاقسىز بولغان بولىدۇ، بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە ئەخلاق ھەقىقىتىگە مۇخالىپ بولغان رەۋىشتە ئەخلاقىي قىممەت يارىتىش بولسا ناچار ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئەخلاقسىزلىقنى «ناچار ئەخلاق» دېيىشى خاتا. ئەخلاقنىڭ ناچار ئەخلاق ياكى گۈزەل ئەخلاق دەپ بۆلۈنۈشى ئەنە شۇ ئەخلاقىي قىممەت يارىتىش جەريانىنىڭ ئەخلاق ھەقىقىتىگە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكى بىلەن باغلىق.

مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە تارىخىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قويۇق دىداكتىك ئەنئەنىسىدىن ئەخلاق ئىلمى ۋە ئەخلاق ئەمەلىيىتىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ئەخلاق ئىلمى يەنى ئېتىكا پەنلەر تارىخىدا نىسبەتەن ئۇزاق تارىخقا ئىگە پەن. ئەجدادلىرىمىز ئەخلاق ئىلمى جۈملىدىن ئەخلاقىي كاتېگورىيە ۋە ئەخلاقىي مىزانلار ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن بولۇپ، بۇ نۇقتىلارغا مۇۋاپىق ئېتىكىلىق مېتودلار بويىچە ياندىشىش چوڭ ئەھمىيەتكە ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە خىزمەتتۇر. بىز بۇ ماقالىمىزدە، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئەخلاق تېمىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى چۆرىدىگەن ئاساستا كلاسسىكلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئەخلاق ۋە كلاسسىكلارنىڭ كىشىلىكتىكى ئەخلاق ئەمەلىيىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز.

### 2. كلاسسىكلار چۈشەنچىسىدە ئەخلاق

(1) بەخت ۋە ئەخلاق

ھەر بىر ئادەم — پىشىپ يېتىلگەن پەيلاسوپلاردىن تارتىپ ئادەتتىكى كىشىلەرگىچە، تاج - تەخت، ھوقۇق ئىگىلىرىدىن تارتىپ ئاددىي كەپىلەردە ياشايدىغان نامرات پۇقرالارغىچە ھەممەيلەن بەختلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇنداقتا بەخت دېگەن نېمە ۋە بەخت بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟ بۇ تارىختىن بۇيان پەيلاسوپلار ۋە ئەخلاقشۇناسلارنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرۇپ كەلگەن مەسىلە.

بەخت ئەخلاقشۇناسلىقتىكى ئاساسىي كاتېگورىيەلەرنىڭ بىرى. ئۇ سۇبيېكتىپ تۇيغۇ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتىكى ئېنىقلىما ۋە چۈشەنچىلەرمۇ ھەر خىل. بەزىلەر بەختنى سۇبيېكتىپ تۇيغۇسىدىكى خۇشاللىققا تەڭداش قىلىپ چۈشەنسە، يەنە بەزىلەر ئۇنى بايلىق، ھوقۇق، ئابروي، مۇۋەپپەقىيەت، تەلەي دەپ چۈشىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەختنى پاراسەت، ئادالەت ۋە ئالىيجانابلىق دەپ چۈشىنىدىغانلارمۇ بار. ئەگەر بەخت ئالدىنقى ئىككى خىل قاراشتىكىدەك خۇشاللىق، بايلىق ياكى ئىجتىمائىي ئورۇنغا باغلىق بولسا، ئۇ ھالدا مۇشۇلارغا ئېرىشكەن كىشىلەر ھەرگىزمۇ بەختسىزلىك تۇيغۇسىنى ھېس قىلمىسا بولاتتى، ئەمما ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. ئارىستوتېل بەختنى «روھنىڭ ئەخلاقىيلىق (德性)قا پۈتۈنلەي ماس بولغان بىر خىل ئەمەلىي ھەرىكىتى دەپ ئىزاھلايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بەخت ئىنساننىڭ نوقۇل ھالدا مەلۇم ئۆلچەمدىكى ئېرىشىشلا ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن مەنىۋى ساپا (ئەخلاق، بىلىم ۋە ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلغان) ئاساسىدا رېئاللىققا توغرا مۇئامىلە قىلىشنىڭ مەھسۇلىدۇر. بەختنى ئەخلاقىيلىق بىلەن ئۆلچەش نوقۇل ئارىستوتېلنىڭلا قارىشى ئەمەس. ئېتىكىدىكى مەسئۇلىيەت نەزەرىيەچىلىرى (دېئونتولوگىيە 义务论) ۋە كامىللىق نەزەرىيەچىلىرى (完善论)نىڭ ھەممىسى ئاساسەن دېگۈدەك ئەخلاقىيلىقنى بەختنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارايدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەپەككۇرلىرى، جۈملىدىن ئەجدادلىرىمىزمۇ بەخت ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش يوللىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدەنگەن بولۇپ، ئومۇمەن كلاسسىكلىرىمىز بەخت بىلەن ئەخلاقنى زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ ۋە ئەخلاقنى بەختكە ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

فارابى «بەختكە ئېرىشىش يوللىرى» ۋە «بەختنى قولدا تۇتۇپ تۇرۇش يوللىرى ھەققىدە» ناملىق ئىككى پارچە ئەسىرى ۋە «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ قاراشلىرى» ناملىق كىتابىدا بەخت ھەققىدە تارىخىمىزدا تۇنجى بولۇپ نەزەرىيەۋى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، شەخسنىڭ بەختنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى پەزىلەتلىك، غايىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئوبرازلىق توختالغان كىشى يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. مەلۇم بولغىنىدەك، «قۇتادغۇبىلىگ»تىكى تۆت چوڭ ئوبرازنىڭ بىرسى بولغان ۋەزىر ئايتولدى بەخت - دۆلەتنىڭ سىمۋولى. بەختنىڭ ئەسەردە باشقا ئۈچ چوڭ ئوبراز يەنى ئادالەت، ئەقىل - پاراسەت ۋە قانائەتتىن ئىبارەت ئەخلاقىي كاتېگورىيەلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىنلا مۇتەپەككۇرنىڭ بەختنى ئەخلاق بىلەن قانچىلىك زىچ گىرەلەشتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتا «قۇتادغۇبىلىگ» (بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم) دېگەن ئەسەر نامىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرنى چۈشەنگىنىمىزدە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

ئاپتور بىلىمنى گۈللىنىش، تەرەققىيات ۋە ماددىي ئېرىشىشتىن بۇرۇن بەختكە باغلايدۇ. ئەگەر بىز «بىلىم بەخت» قارىشى بىلەن «بىلىم كۈچ» ياكى «بىلىم تەرەققىيات» قاراشلىرىنىڭ ئىنچىكە پەرقىنى كۆرۈپ يېتەلىسەكلا، بۇ نۇقتىنى بىلەلەيمىز. مەسىلىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۈگۈنى قانداق بىلىم بەخت كەلتۈرىدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەتتۇر. بۇ سوئالغا مۇتەپەككۇر ئۆزى مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

3013: بىلىم، پەزىل ئۆگەن، قىممەت بىل ئۇنى،
قىلۇر قىممەت ئاخىرى پەزىلەت سېنى.

دېمەك، بىلىم بىلەن پەزىلەت قىممەتلىك. ئەخلاق-پەزىلەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بىلىم، يەنى مەنىۋى كامىللىقنى غايە قىلغان كىشىلەرنىڭ بىلىمى بەخت يارىتىدۇ.

ئەخلاقىيلىق (德性) ئېتىكادىكى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى. ئەخلاقىيلىق سۆزىنىڭ مەنىسى ئەخلاقىي پرىنسىپ، مەجبۇرىيەت ۋە ئالىيجانابلىقنى ئۆز تەبىئىتىمىزگە سىڭدۈرۈپ، ھەرقاچان ئۆزىمىزگە تەۋە نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت. يۇقىرىدا بىز ئېتىكا تەتقىقاتىدا ئەخلاقىيلىقنى بەخت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارىغۇچىلارنىڭ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق قۇرلارنى يازىدۇ:

3010: پەزىلەتنى ئوغلان كەم كۆرمە، ئۆگەن،
ئاق قۇشقا ئوخشار ئۇ، مەجەزى بىلەن.
3011: پەزىلەت بەختى ئاق قۇش قۇتىدەك ئېرۇر،
پەزىلەتنى قۇش دەپ ئاتاشتۇر زۆرۈر.

مۇتەپەككۇرنىڭ پىكىرلىرىچە، پەزىلەتنى يۈكسەك بىلىش مۇھىم بولۇپ، ئۇ خاراكتېرى بىلەن بىر قۇشقا ئوخشايدۇ. پەزىلەت ئىنساننىڭ بېشىغا قونغان بىر قۇش كەبىدۇر، ئىنسان ھامان ئۆزىنىڭ پەزىلىتى بىلەن بەختكە ئېرىشىدۇ. پەزىلەتنى قۇشقا ئوخشىتىش تولىمۇ زۆرۈر.

مەدەنىيەت، ئىدىيە تارىخىمىزدىكى يەنە بىر پەللە بولغان ئەلىشىر نەۋائىيمۇ ئەخلاقنى بەختكە ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن دەپ قارايدۇ. ئۆزىنىڭ «مەھبۇبۇل-قۇلۇب»تىن ئىبارەت ئەخلاق تېمىسىغا بېغىشلانغان ئەسىرىدە، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەبىقە ۋە ھۈنەر-كەسىپكە تەۋە كىشىلەرنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئوخشىمىغان ئەخلاقىي كاتېگورىيە ۋە ئەخلاقىي مىزانلارنى تەھلىل قىلىپ، بەخت بىلەن ئەخلاقىيلىقنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەخلاق تېمىسىغا ئائىت ئەسىرى بۇلا ئەمەس. ئۇ يەنە «خەزايىنۇل-مەئانىي» ۋە «خەمسە»دىن ئىبارەت زور ھەجىملىك ئەسەرلىرىدە، بەخت بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىدۇ ۋە جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق ئۆز پىكرىنى كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىغا كۆز تاشلىساقلا ئەخلاقنىڭ بەخت ئالدىدىكى نوپۇزىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز:

نەفس نەھسىيىەتىدىن چىققاي ئاڭا كىم بولغاي،
تالئى سەئىد بىلە بەختى ھۇمايۇن بائىس.
(نەفسنىڭ شۇملۇقىدىن قۇتۇلۇش پارلاق ۋە گۈزەل بەختكە سەۋەب بولغاي)

بۇنىڭدىن باشقا كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى يەنە بىر نامايەندە بولغان خەراباتىي ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسىدا يېزىلغان ئەسىرى «مەسنەۋىيى خەراباتىي»دا شۇنداق يازىدۇ:

نەچچە ئىشلارنى كەرامەت قىلدى ھەق،
نېك بەختلەرغە ئىنايەت قىلدى ھەق.

ئەۋۋەلى ئولدۇركى بولغاي راستگۇي،
ھەم سەخىيۇ ئابىدۇ ھەم نېك خۇي.

ھەر كىشى بەدبەختدۇر بەتخۇي بولۇر،
ھەر كىشى بەد فېئلدۇر بەد بۇي بولۇر.

دېمەك، بەخت ھەممە كىشى ئىنتىلىدىغان نەرسە. ئۇ تارىختىن تا ھازىرغىچە، شەخستىن تارتىپ تاكى مۇناسىۋەتلىك ئىلىم ساھەلىرىگىچە مەركىزىي تېما بولۇپ كەلگەن. مەيلى ئېتىكا ئىلمىنىڭ نەزەرىيەۋى پىكىرلىرىدە بولسۇن ياكى كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ قاراش ۋە يەكۈنلىرىدە بولسۇن، بەختكە ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئەخلاقلىق بولۇشتۇر. بەخت نوقۇل ھالدا مەلۇم ئۆلچەمدىكى ماددىي ئېرىشىشلا بولماستىن، بەلكى مەنىۋى كامىللىق ۋە ئەخلاقىيلىقنىڭ كونكرېت ھەرىكەتلىرىمىز بىلەن بىرلىشىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

«شۇڭا بەخت ئادەمنىڭ سىرتىدىن كىرمەيدۇ، بەلكى ئىچىدىن چىقىدۇ».

(2) بىلىم ـ ئەقىل ۋە ئەخلاق

«ياخشى» (善) ۋە «توغرا» (正) دىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇم ئېتىكىدىكى ئۆلچەم خاراكتېرلىك ئاساسىي كاتېگورىيە ھېسابلىنىدۇ. ئەخلاقشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، «ئادەم ئىككى خىل ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش بىلەن باشقا ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭ بىرسى «ياخشى» قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش ئىقتىدارى، يەنى ياخشى ـ ياماننى پەرقلەندۈرەلىشى، يەنە بىرسى بولسا «توغرا» قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش ئىقتىدارى، يەنى ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيالىشىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى ئىقتىدار ئەخلاقىي كىشىلىكنى شەكىللەندۈرگۈچى ئۇلدۇر». دېمەك، ئەخلاقىي كىشىلىكنى شەكىللەندۈرۈشتە «ياخشى ـ يامان» ۋە «ھەق ـ باتىل»نى بىلىش ۋە ئايرىش ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنداقتا بىلىم دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئەخلاق بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟

سوقرات ئەخلاقىيلىق (德性) نى «ياخشى» (善) نىڭ ئالىي شەكلى بولغان «كامالەت» (至善) دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە ئەخلاقىيلىق دېمەك دەل بىلىمدىن ئىبارەت دەيدۇ. يۇسۇف خاس ھاجىپ مۇنداق يازىدۇ:

151: خۇدا بەرسە كىمگە ئەقىل، ھۇش، بىلىگ،
تولا ياخشىلىققا ئۇزاتۇر ئىلىگ.

يۇقىرىقى مىسرالاردىن بىز ئاپتورنىڭ بىلىم ۋە ئەقىل بىلەن «ياخشى»نى شەرت ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىدە بىرلەشتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. پەيلاسوپلار بىلىم دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالغا شەيئىلەر ھەققىدىكى توغرا ئاڭ، يەنى ئۇلارنىڭ مەقسەت، نىشانى ۋە پايدا ـ زىيىنى ھەققىدىكى توغرا بىلىش دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پىلاتون يەنە كامالەت (至善) نى ماھىيەتكە ئېتىبار بېرىش، گۈزەللىككە بولغان ئىدراكىي بىلىش ھەممە ئەقلىي ھايات دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ ھەقتە يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ:

156: بىلىم مەنىسىن بىل، بىلىم نېمە دەر،
بىلىم ئۇ ساقايتۇر كىسەل بولسا ئەر.

157: بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تېرىكلا ئۆلۈر.

158: كىسەلنى داۋالات، بار، ئەي بىلمىگەن،
ئەي ئالىم نادانغا داۋا ئەيلە سەن.

ئەگەر بىز سوقراتنىڭ ئەخلاقىيلىق (德性) بىلىمدىن ئىبارەت، دېگەن ھۆكۈمى بىلەن شەيئىلەر ھەققىدىكى توغرا بىلىشنى بىلىم ۋە پىلاتوننىڭ ئىدراكىيلىقنى كامالەت (至善) دېگەن پىكىرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ، يۇقىرىقى مىسرالارغا ئىنچىكە قارايدىغان بولساق، ئاپتورنىڭ بىلىم دېمەك ئىنساننىڭ مەنىۋى كېسەللىكلىرىنى ساقايتقۇچى يەنى ئەخلاقىيلىقتۇر، بىلىمسىز كىشى ئاغرىق، يەنى بىلىم بىلەن ئەخلاقىيلىقنى ئايرىپ قاراش مۇمكىن ئەمەس، ئەخلاقىيلىقى يوق كىشى ئۆلۈككە باراۋەر، شەيئىلەر ھەققىدە توغرا بىلىشى يەنى ئەخلاقىيلىقى يوق ئەي نادان بۇ كېسەلدىن قۇتۇل، ئەي ئالىم تېزدىن ئۇلارغا داۋا قىل، سېنىڭ ئالىملىقىڭ شۇ يەردىكى، ئۆزۈڭ ساق (يەنى بىلىش ۋە ئەخلاقىيلىقتا بار) بولغاندىكىن، ناداننى يېتەكلىشىڭ كېرەك، دېگەن پىكىرلىرىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدە بىز بەخت بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلغان ۋە كىلاسسىكلارنىڭ بەختنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئەخلاق دېگەن ئېتىكىلىق قارىشىنى يەكۈنلەپ چىققانىدۇق. ئەگەر بىز يۇقىرىدىكى بىلىم بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە بەخت بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى زەنجىرسىمان بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، شۇنداق بىر يەكۈن چىقىدۇ: ئەخلاقنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى بەخت، بىلىم بەخت بىلەن ئەخلاقىيلىقنى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىلى.

ئارىستوتېل بەخت نېمىدىن تەركىب تاپىدۇ؟ دەپ سوئال قويۇپ، مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «بارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەخلۇقاتنىڭ بەختى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدۇر. شۇڭلاشقا ئادەمنىڭ نىشانى ياكى بەختى بولسا دەل ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرغان ئالاھىدىلىكنىڭ نامايان بولۇشىدىن ئىبارەت. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئادەمنىڭ بەختى ئەقىل - ئىدراكنى تاۋلايدىغان ھاياتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدۇر. ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ كامالىتى دەل ئەقلىيلىكنىڭ تاۋلىنىشىدۇر». مۇشۇ نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق، «قۇتادغۇ بىلىگ»(بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم)تىكى ئەخلاق، بىلىم، بەخت ئۇستىدىكى لوگىكىلىق پىكىرلەردىن ۋە مەزكۇر ئەسەرگە ئىدىيە، ئۇسلۇب جەھەتتىن پۈتۈنلەي ۋارىسلىق قىلغان «ئەتەبەتۇل - ھەقايىق»تا ئىلگىرى سۈرۈلگەن بىلىم - پەزىلەت مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدىكى قاراشلاردىن، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قاتار ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەخلاقىي مىزانلار بىلەن ئەقلىي ھاياتنىڭ مۇناسىۋەت لوگىكىلىرىدىن بىز كىلاسسىكلارنىڭ بىلىم بىلەن ئەخلاق ئۇستىدىكى ئېتىكىلىق قاراشلىرىنى بىلەلەيمىز.

(3) كامالەت ۋە ئەخلاق

ئادەم ئادەمدەك ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا ئادەمدەك ياشىغىلى بولىدۇ؟ ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق نەرسىنىڭ بەختى ئۆزىنىڭ خاس خاراكتېرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى بولۇپ، ئادەمنىڭ غايىسى ياكى بەختىمۇ دەل ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرىدىغان نەرسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىن ئىبارەت. بۇ نەرسە بولسا «ياخشىلىق» (善)دۇر. دېمەك، ئادەمنىڭ ھەر خىل ھەرىكەت ۋە تاللاشلىرىنىڭ ھەممىسى «ياخشىلىق»نى نىشان قىلغان بولىدۇ.

يۇقىرىقى پىكىر بويىچە بولغاندا، ئادەمنىڭ كونكرېت ھەرىكەت ۋە تاللىشىدا «ياخشىلىق»نىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئادەملىكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بولۇپ، ئېتىكىدا ئادەمنىڭ ئايرىم - ئايرىم ھەرىكەت ۋە تاللاشلىرىدا ئەمەلگە ئاشقان «ياخشى»لارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى «كامالەت» (至善) دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقكەن، ئادەمنىڭ كونكرېت ھەرىكەت ياكى تاللىشىدىكى نىشانى «ياخشىلىق»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئومۇمىي ھەرىكەت ۋە تاللاشلىرىنىڭ نىشانى يەنى غايىسى بولسا «كامالەت»تىن ئىبارەت بولىدۇ.

بۇ ھەقتە يۈسۈف خاس ھاجىب مۇنداق دەيدۇ:

232: ھايات ـــ دەسمىيە، پايدا ئەزگۈلۈك،

بولۇر ساڭا تاڭنا يېمەك ـــ كەيگۈلۈك.

ئۇنداقتا «ياخشىلىق» ياكى «كامالەت»نى نېمىگە تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن؟ كامالەت بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، ئادەمدىكى «ياخشى»لىق ئەخلاقىيلىق (德性) ئاساسىدا شەكىللىنىدىغان بولۇپ، ئۇ روھنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، روھتىكى ئىدراكىي پىكرەنلىك بىلەن ئەخلاقىيلىق، بەخت ۋە كامالەتنى بىر نەرسە دەپ قاراش مۇمكىن. بىز ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا (بىلىم ۋە ئەخلاق تېمىسىدا) ئەخلاقىيلىق بىلەن كامالەتنىڭ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پىكىرلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن، بۇ قاراشلارمۇ ئارىستوتېلنىڭ يۇقىرىقى قارىشى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

شەيئىدىكى «ياخشىلىق»نى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ قاتلامغا بۆلۈش مۇمكىن، بىرسى تاشقى قاتلامدىكى ياخشى، قالغان ئىككىسى بولسا روھ ۋە جىسمدىكى ياخشىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە، روھتىكى ياخشىلىق ئاساسلىق ياخشىلىق ياكى ئاخىرقى غايە سۈپىتىدىكى ياخشىلىق بولۇپ، دەل مانا مۇشۇ «كامالەت» ياكى «ياخشىنىڭ ئەسلىيسى»دۇر.

كامالەت ماددىي جەھەتتىكى ئەمەس، بەلكى، روھىي ۋە ئىدراكىي جەھەتتىكى مۇكەممەللىشىش دېگەنىدە، ھەرگىزمۇ ئادەمنىڭ جىسمانىي ياكى باشقا ماددىي جەھەتلەردىن مۇكەممەللىشىشى بىلەن ئىنساننىڭ نىشانى شۇنداقلا ئەخلاقنىڭ نەتىجىسىنى مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىسا بولىدۇ، دېگەن مەنە چىقمايدۇ. بۇ يەردىكى مەركىزىي نۇقتا، ئادەمنىڭ

روھى، ئىدراكىي جەھەتتىن مۇكەممەللىشىشى كامالەتنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق بولمىغىنىدا، ماددىي تەرەققىياتى ئۈستۈن بولمىغان دەۋردىكى كىشىلەر كامالەتكە ئېرىشەلمىگەن بولىدۇ - دە، ئۇلار ئادەمدەك ياشىيالمىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا كامالەت دېمەك — مەنىۋى ۋە ئىدراكىي جەھەتتىن ئەخلاقىيلىشىش جەريانىدۇر. ئادەمنىڭ ئادەمدەك ياشىشى جۈملىدىن «ياخشىلىق» ۋە «كامالەت»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدا ئەخلاق يادرولۇق نۇقتىدۇر.

كىلاسسىكلىرىمىزدىمۇ كامىل ئىنسان تېمىسى مەركىزىي تېمىلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇ خىل كامىللىق يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەنگە ئوخشاش ئىنساننىڭ ئەقىل - ئىدراك ۋە ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتىن مۇكەممەللىشىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. «قۇتادغۇبىلىگ»تىكى تۆت چوڭ پېرسوناژ (كۈن تۇغدى، ئاي تولدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىش) سىمۋول قىلىنغان تۆت چوڭ ئېتىكىلىق ئۇقۇم (ئادالەت، بەخت، ئەقىل ۋە قانائەت)نىڭ مۇئەللىپ قەلىمىدە يۇكسەك بىر غايە ئۈچۈن بىر نۇقتىغا جەم قىلىش خاھىشى ۋە تەشەببۇسىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى دەل كامالەتلىك شەخسلەر ئارقىلىق كامالەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلىش غايىسىدىن ئىبارەت، شۇنداقلا كامالەت بىلەن ئەخلاقىيلىقنىڭ زىچ مۇناسىۋەتلىرىگە قىلىنغان ئىشارىدۇر.

فارابىنىڭ غايىسىدىكى شەھەر (كامالەتلىك شەھەر)نى «پەزىلەت» بىلەن سۈپەتلىشى، ئېتىكا تارىخىمىزدىكى ھەر بىر قەلەمكەشنىڭ شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقانداق بىر «ياخشى»لىق سۈپىتىگە ئېرىشىش يولى ۋە شەرتىنى تۆرلۈك ئەخلاقىي مىزان ۋە كاتېگورىيەلەر بىلەن باغلاپ ئوتتۇرىغا قويۇشى شۇنداقلا ئەلىشىر نەۋايى قەلىمىدە ۋايىغا يەتكەن «ئىنسانىي كامىل» تېمىسىنىڭ كېيىنكى دەۋر قەلەمكەشلىرى ئۈچۈن مەركىزىي تېمىلارنىڭ بىرى بولۇشى كىلاسسىكلارنىڭ ئېتىكا چۈشەنچىسىدىكى «كامالەت» ۋە ئۇنىڭ ئەخلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. ئومۇمەن كىلاسسىكلىرىمىزدا بىلىم، ئەخلاق ۋە ئەقىل ئاساسىي ۋە ئايرىلماس تېما، شۇنداقلا شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ «كامالەت»كە ئېرىشىشىدىكى شەرتلەردۇر.

(4) ئىنسانىي قىممەت ۋە ئەخلاق

ئادەم روھىي ۋە ماددىي ئىككى ئامىلدىن تەركىبلىنىدۇ ۋە مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قىممىتى مەنىۋى، ئىجتىمائىي ۋە ماددىي تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەمنىڭ ماددىي جەھەتتىكى قىممىتى ئۈستىدە توختىلىش ماقالىمىزنىڭ تېمىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنساننىڭ ماددىي قىممىتىنى قانداقتۇر بىر نەرسىلەرگە باغلاپ تۇرۇپ سېلىشتۇرۇش توغرا ئەمەس. شۇنداقكەن، ئادەمنىڭ مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئامىللار ئىنسانىي قىممەت توغرىسىدىكى پىكىرلەرنىڭ مەركىزىدە تۇرىدۇ.

ئېتىكىدا ئەخلاقىيلىق (德性) ئىنسانىي قىممەتنى بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ يادروسى دەپ قارىلىدۇ ھەمدە ئۇ ئىدراكىي ئەخلاقىيلىق (ئەقىللىقلىق، زېرەكلىك، دانالىق...) ۋە ئەمەلىيەت ئەخلاقىيلىقى (مەردلىك، باتۇرلۇق، پاكلىق...) دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا (بىلىم ۋە ئەخلاق قىسمىدا) ئېتىكا ئىلمىدىكى شۇنداقلا كىلاسسىكلىرىمىز نەزەرىدىكى بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ شەرھىسى ھەمدە بۇلارنىڭ ئەخلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. ئەگەر بىز بىلىم، ئەقىل ۋە ئەخلاقنى ئىنساننىڭ يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك قىممىتىنى نامايان قىلىشتىكى مۇھىم ۋاسىتىلەر دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ ئەخلاقىيلىق بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋەتلىرىدىن ئەخلاقنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممەتنى بەرپا قىلىشتىكى رولىنى ھېس قىلالايمىز. شۇڭا، ئارىستوتېل كىشىلىك ھاياتتا ئىنساننىڭ ئەڭ يۇقىرى كامالىتىنى بىر يەردە «ئەخلاقىيلىققا ئىگە ھەرىكەت» دېسە، يەنە بىر يەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



«ئىدراكىيلىقنىڭ تەربىيەلىنىشى» دەيدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئارىستوتېلنىڭ بىلىم، ئەقىل ۋە ئەخلاقنى زىچ مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملار دەپ قارىغانلىقى ۋە ئۇلار بىلەن ئىنسانىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىۋاستە باغلىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئۇنداقتا كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە، ئەخلاق بىلەن ئىنساننىڭ قىممىتىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

بىز يۇقىرىدا «بىلىم، ئەقىل ۋە ئەخلاق» دېگەن تېمىمىزدا، كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ چۈشەنچىسى بىلىم ۋە ئەقىل بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھلىگەنىدۇق. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىلىم يەنى شەيئىلەر ھەققىدىكى توغرا بىلىش ئەخلاقىيلىقنى شەرت قىلىدۇ. ئەگەر بۇ نۇقتىئىنەزەرگە يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ 6 - بابىدىكى «ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتىنى بىلىم ۋە ئەقىلدىن» دېگەن قارىشىنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ئىنساني قەدىر - قىممەت يارىتىشنىڭمۇ يەنىلا ئەخلاقىي شەرت قىلغان بىلىم بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى قاراشلار ماقالىمىزنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان قىسمىدا سۆزلەنگەن بولغاچقا بۇ يەردە ئىنچىكىلىمەي، تۆۋەندىكى بىر بېيىت بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

148. ياراتتى ۋە يۇكسەلتتى تاللاپ ئادەم،
بېرىپ ھۇش - ئەقىل، پەزىل، ئىلمنى ھەم.

ئومۇمەن، كىلاسسىكلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتلىرىدە ئەخلاق جۈملىدىن ئەخلاقىي ئۇقۇم ۋە ئەخلاقىي ئەمەلىيەتلەرگە يۇكسەك ئېتىبار بەرگەن. شۇنىڭ نەتىجىسىدە فارابى ۋە يۇسۇف خاس ھاجىپتىن تارتىپ تاكى ئابدۇقادىر داموللامغىچە كۆپلىگەن ئېتىكىلىق مېتود ۋە قاراشلار مۇجەسسەملەنگەن ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدا ئەخلاق بەخت، بىلىم، كامالەت ۋە ئىنساني قەدىر - قىممەتنىڭ مۇھىم شەرتى. بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئەخلاق كىلاسسىكلارنىڭ چۈشەنچىسىدە نوقۇل ھالدا تۇغما ياكى تەربىيەلىنىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن مىجەز - خۇلققا دائىر تۇيغۇ ياكى قىلىقلارلا ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۆلچىمىدىن ھالقىغان ھالدىكى بىر ھەرىكەت پىروگراممىسىدۇر. شۇڭا ئەخلاق ئىلىم، كامالەت، بەخت، قەدىر - قىممەت ۋە ئۇنتۇقلارغا باغلاپ چۈشىنىلگەن. كىلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسىدىكى يەنە بىر نۇقتا بولسا ئەخلاق — ئەخلاق ھەقىقەتتىن ئايرىلغان شوئار ئەمەس، بەلكى، توغرا نىيەت ۋە مېتود ئارقىلىق ئەخلاقىي قىممەت يارىتىش جەريانىدۇر.

ئاخىرىدا تەكىتلەشكە تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، يۇقىرىقىدەك ئەخلاق قاراشلىرى نوقۇل ھالدا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىلا چەكلىنىپ قالماي، كونكرېت كىشىلىك ھاياتىدىمۇ جانلىق ئەكس ئېتىپ، ئەخلاقىي ھەرىكەتكە ئايلانغان. كىلاسسىكلارنىڭ ئەخلاقىي ئەمەلىيەتلىرىنى توپلاش، رەتلەش، ئۆگىنىش چوڭ بىر تېما. بىز بۇ يەردە پەقەت ئۆرنەك ئۈچۈن ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىرىگە ئائالىغان ئەسەر — «مەكارىمۇل - ئەخلاق»تا خاتىرىلەنگەن مۇنداق بىر ۋەقەنى سۇنۇش بىلەن ماقالىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىمىز:

ئەلىشىر نەۋايى بىر كۈندىكى ئەسىر نامىزىنىڭ ئىماملىقىنى تۈگىتىپ، كۈندىلىك ئادىتىگە مۇخالىپ ھالدا، ھېچكىم بىلەن ئەھۋاللاشمايلا جىددىي بىر تۇستە قايتماقچى بوپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان بىرى ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىدا، ئەلىشىر نەۋايى مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: مەن ناماز جەريانىدا تونۇمدا بىر چۈمۈلىنىڭ مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. پەمىمچە بۇ چۈمۈلە ماڭا خاس باغچامدا تاھارەت ئېلىۋاتقىنىمدا يامىشۇالغان. ئەگەر مەن بۇ يەردە باشقا ئىشلارغا بەند بولۇپ، ئۇ بەدىنىمدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇۋىسىغا قايتىش يولىنى تاپالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا چۈمۈلىگە مەن سەۋەبلىك ئەزىيەت يېتىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇنى باغچىغا تېزرەك يەتكۈزۈشنى ئويلىدىم.

ئاپتور: جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمي جەمئىيىتىدىن (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ 2016 - يىللىق دوكتورانتى)

تۇرسۇن مۇسا

# قارلىغاچ قايتىپ كېلەمدۇ

(پوۋېست)



**1**

قۇياش ئاخىرقى تەپتى بىلەن زېمىنغا باقتى. تەكلىماكاننىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان بۇ كىچىككىنە خىلۋەت يۇرت ئاسمىنىدا كۈچسىز نۇر تالالىرى، ئاخىرقى ھارارىتى بىلەن مانان ئىچىدە ئاستا - ئاستا غۇۋۋالىشىۋاتقان مەۋجۇداتنى سىلايتتى. شۇ تاپتا مەھەللىدە نەلەردىندۇر پەيدا بولغان بىر توپ قارلىغاچ شۇنچىلىك پەس، خۇددى ھازىرلا يەرگە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك كۆزنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىپ باراتتى. ئىشىك ئالدىلىرىدىكى كىچىككىنە لاي سۇپىچاقلىرىدا ئولتۇرۇشۇپ مۇڭدىشىۋاتقان، تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن ئاپەتلىرىگە، ئۆزگىرىش، يېڭىلىقلىرىغا شاھىت بولغان بوۋاي - مومايلار، ھېچبىر مۇقەددەس دەستۇر - كالاملاردا، «قارلىغاچ پەس ئۇچسا بىر ئاپەتنىڭ بېشارىتى!»، دەپ قەيت قىلىنمىغانلىقىنى كۆرۈشمىگەن ھەم ئاڭلاشمىغان

سەھرادىكى ھېكايىلەر

بولسىمۇ، بۇنىڭ تاسادىپىي ھادىسە ئەمەسلىكىنى جەزم قىلىشىپ، ئېغىزلىرىدا بىر نېمە دېيىشمىگەن بىلەن كۆڭۈللىرىدە خىلمۇخىل قىياسلارنى ئۆتكۈزگەنچە، بىر - بىرىگە سىرلىق قارىشىپ قويۇشاتتى. چۈنكى، بۇ يۇرتتا قارلىغاچ كەمدىن - كەم پەيدا بولاتتى. پەيدا بولسىمۇ بۈگۈنكىدەك توپلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ باققىنىنى كۆرۈپ باققانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ئاسماننىڭ قەرىدە ئۇچىدىغان قۇشلارنى كۆرۈپ چوڭ بولغان يېرىم يالىڭاچ بالىلار، ئەتراپلىرىدا ئەگىپ يۈرگەن قارلىغاچلارغا قانداقتۇر قىزىقىشىپ، ھەۋەس قىلىشىپ قوللىرىدىكى تاياق ۋە باشقا ئويۇنچۇقلىرىنى ئېتىشىپ، ئۆزلىرىگە ماس ھەرىكەتلىرى بىلەن قى - چۇ قىلىشىپ ئوينىشاتتى.

— ھاي بالام ئۇنداق قىلماڭلار... — ئەرشى بوۋاي چىشسىز ئېغىزىنى مىتىلدىتىپ بالىلارنى توسقان بولسىمۇ بالىلار ئۆزلىرى بىلگەنچە ئويناۋەردى.

— بولدى قوي ئەرشى، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى ھەقەمسايىسى ياقۇۋاخۇن قاردەك ئاقارغان ساقاللىرىنى تاراشلىغانچە، — بالا ئەمەسمۇ، قىلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشى يوق كەپسىزلىكنى قىلىۋالسۇنده.

باللار ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن پەرۋايى پەلەك ئويۇنلىرىنى داۋاملاشتۇراتتى. تۇيۇقسىز بىر بالىنىڭ شىلتىگەن تايىقى، قانداقتۇر بىر تاسادىپىيلىقتا يېنىدىن ۋىششىدە ئۆتكەن بىر قارلىغاچقا تېگىپ، قارلىغاچ پوككىدە يەرگە چۈشتى.

— توسۇق قۇش ئۆلتۈردى… — بۇ ئاۋاز بىلەن ئەتراپ شىپپىدە جىمىقتى. قارلىغاچلارمۇ يەر يۇتقاندەك غايىب بولدى. بۇ ھادىسە كىچىك - چوڭ ھەممىنى ساراسىمىگە سېلىپ، يەردە ياتقان قۇشنىڭ يېنىغا گۈررىدە يۈگۈرتتى. قارلىغاچ پوككىنى يەرگە تىرىگەنچە ياتاتتى. جېنى چىقىپ كەتمىگەن چېغى، ئېغىر - ئېغىر تىنىپ، كۆزلىرىنى ئەتراپىغا بىچارىلەرچە تىكەتتى.

— بېشىمغا بالا شۇم، ئەكىلە شۇ تايىقىڭنى… — نەدىندۇر پەيدا بولغان ياش ئانا قارلىغاچنى ئۇرۇپ چۈشۈرگەن تۇرسۇننىڭ قولىدىكى تاياقنى يۇلۇپ ئېلىپ، تومپىيىپ تۇرغان يالىڭاچ كاسىسىغا ۋاسسىدە بىرنى سالدى. بالىنىڭ ساغرىسىدا بارماق قول تومىلىقتىكى ئىز ۋىللىدە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. بۇ زەربىدىن بالا قىررىدە چىرقىراپ ئۈنىنىڭ بىر ئۇچى ئاسمانغا چىقىپ كەتتى.

— زەۋەرخان بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ — ئوتتۇرا ياش ئانا، چوكاننىڭ قولىدىكى تاياقنى ئېلىۋېلىپ يىراققا تاشلىۋەتتى. بۇ چاغدا يەنە بىر بالا يۈگۈرۈپ بېرىپ تاياقنى ئېلىپ ئۈلگۈردى، — بالا ئەمەسمۇ، نېمانچە قىلغۇلۇق ئەمدى.

— قولى قانلىق شۇم بولدى بۇ… — زەۋەرخان شۇنداق دېگەنچە ئوغلىنى تارتقۇشلاپ تۈپتىن يىراقلاشتى.

— بۇ جانىۋارنى ئاۋۇ دۆڭگە ئاچىقىپ كۆمۈپ قويۇڭلار، — دېدى ياقۇۋاخۇن بوۋاي جېنى چىقىپ سوزۇلۇپ ياتقان قارلىغاچنى كۆرسىتىپ باللارغا.

باللار يەردە ياتقان، تېنى سوۋۇمىغان قارلىغاچنى ئاۋايلاپ ئېلىشقىنچە مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى قۇم دۆڭلىرى چوقچىيىپ تۇرغان تەرەپكە كېتىشتى.

— نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭمۇ رىزقى شۇنچىلىككەن، — ياقۇۋاخۇن شۇنداق دەپ جايىغا كېلىپ جايلاشتى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ كىمگە قارىتىلغىنىنى ھەممىسى چۈشىنىشكەندى. باشقىلارمۇ ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ چاغدا ئۇپۇقتىن تارالغان قاراڭغۇلۇق پۈتۈن مەھەللىنى ئۆز قوينىغا ئالغانىدى.

2 - كۈنى ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش، ئۆزىنىڭ سېخىي ھارارىتى بىلەن بۇ يۇرتقا يەنە ئاسايىشلىق ئاتا قىلدى. كېچىچە، چوڭلارنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك، تەشۋىش قىلغىنىدەك ھېچبىر كېلىشمەسلىك، ئاپەت شەپىسى كۆرۈلمىدى. ئۇلار ئېغىزلىرىدا دېيىشمىگەن بىلەن كۆڭۈللىرىدە ئوخشاشلا تەشۋىشلىنەتتى. تۈنۈگۈن كەچتىكى قارلىغاچ پاجىئەسى كەلتۈرگەن كۆڭۈلسىزلىك توغرۇلۇق ھېچكىم ئېغىز ئېچىشمىدى.

كېچىدىن ۋىژىلداپ ئېچىشىپ چىققان يەرنى تولىمۇ مېھىرلىك بىر قولنىڭ سىيلىشىدىن ئويغانغان تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئانىسى ئۇنى باغرىغا تېڭىپ، كۆز ياشلىرىنى تۆككەنچە، ئاخشام ئۆزى تاياق بىلەن ساۋىغان يەرنى ناھايىتى خۇشياقتۇرۇپ سىيلاۋاتاتتى. ئانىسىنىڭ ئۆزىگە مۇنچىلىك مېھرىبان ئىكەنلىكىنى تۈنجى ھېس قىلغاندەك تۇرسۇننىڭ بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلەشكەندەك قىلدى. ئانىسىغا دەيدىغان ناھايىتى نۇرغۇن گەپلىرى باردەك قىلسىمۇ، ئەڭ دەسلەپتە سورىغىنى يەنىلا ئۆزىنىڭ گۇناھلىق ئىشى بولدى.

— ئانا، ئاۋۇ قۇشلار يەنە قايتىپ كېلەرمۇ؟ — بالا تولىمۇ قورقۇمسىراپ پەس ئاۋازدا سورىدى.

— بىلمىدىم بالام، — ئانا شۇنداق دەپ ئوغلىنى ئاستا ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى، تۇرسۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىسىنىڭ كەينىدىن چىقتى.

ھەر كۈنى دېگۈدەك توپا ياغىدىغان بۇ يۇرت ئاسمىنى، بۈگۈن باشقىچە ھالەتتە تۇراتتى. كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇملۇق يىراققا سوزۇلغان ئىدى. تۇرسۇن ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارىدى. ھازىرلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئانىسى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. مەھەللىسىدىكى باللار يەنە شۇ كونا ئادەتلىرى

بويىچە ئۆز ئويۇنلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئاۋارە. بىرنەچچە چوڭلار لاي سۇپىچاق، توغراق كۆتەكلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ تۇگمەس پاراڭلىرىنى قىلىشىپ ئولتۇرۇشقان. تۇرسۇن ئاسمانغا قارىدى. پارچە - پارچە بۇلۇتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېلىقى قۇشلاردىن ئەسەرمۇ يوق. ئۇ، بۇ يەرگە ھېلىقى قۇشلارنىڭ كەلمەسلىكىگە ئۆزى سەۋەبچىدەك پاتقىدە يىغلىۋەتتى، دېگەندەك شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ يۇرت ئاسمىنىدا قارلىغاچ قايتا قانات قاقمىدى.

2

ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى.

تۇرسۇن 13 ياشقا كىردى. ئۇنىڭ ئورنىغا سىيىپ قويىدىغان ئادىتى بىلەن خوشلاشتى. بۇنىڭغا مومىسى كىملەرگىدۇر تۇتقۇزۇپ كەلگەن ياۋا تۇشقاننىڭ مېڭىسى تەسىر قىلدىمۇ ياكى كىندىكىگە تاڭغان گۆڭگۆرت بىلەن غول پىياز بېشىنىڭ مەلھىمى پايدا قىلدىمۇ بىلمەيدۇ، ئىشقىلىپ ئاشۇ نومۇسلۇق ئادىتى ساقايدى. بۇ ئىشلارنى ئانىسى ئاڭلىسا قانچە خۇش بولۇپ كېتەر؟ ئانىسى بار چاغدا، قۇلىقى ئاڭلىغانلىكى سەۋەبلەرنى قىلىپ ساقايتالمىغان سىيگەكلىك كېسىلى مانا ھازىر پۈتۈنلەي ساقايدى. شۇغىنىسى بۇ خۇشاللىققا ئورتاقلىشىدىغان ئانىسى يوق، ئۇنىڭدىن تولىمۇ يىراقتا.

قارلىغاچ بۇ يۇرتتىن خوشلاشقان يىلى ئۇنىڭ ئانىسمۇ ئۇنى تاشلاپ يىراق بىر يۇرتقا ياتلىق بولۇپ كەتتى. تۇرسۇن قېرى مومىسى بىلەن قالدى. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ ئانىسى ئۇلارنى يوقلاپ كەلدى. لېكىن بىرنى كۆتۈرۈپ، بىرنى يېتىلەپ ئىككى بالىنى ئېلىپ كەلدى. كېيىن ئۇقسا، بۇلار ئۇنىڭ ئۇكىلىرىكەن. تۇرسۇنغا ئانىسمۇ، ئۇكىلىرى دېگەن بۇ شۇمتەكلەرمۇ يات ھەم غەيرىي كۆرۈندى. ئۇ ئانىسىنىڭ قولىغا قارىدى. ئۆزى قارلىغاچ ئۆلتۈرگەن كېچىسى، ئانىسى باشتا ئۇرۇۋېتىپ كېيىن يارا بولغان يەرنى كىچىك سىلاپ چىققان ئاشۇ يۇمشاق قوللار ھازىر قوۋزاقتەك يېرىكلىشىپ يېرىلىپ كېتىپتۇ (ئۇ قوللارنى گەرچە سىلاپ بىلمىگەن بولسىمۇ، قاراپلا ھېس قىلغانىدى).

ئانىسىنىڭ چىرايىدىنمۇ مىسكىنلىك، ھارغىنلىق تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ئانىسىنىڭ ئۇنى ئەركىلىتىشلىرىمۇ قولاشمايۋاتقاندەك، بۇنى پەقەت رەسمىيەت ئۈچۈنلا قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ شۇ قېتىم ئانىسىدىن ئۆزى كۈتكەن نەرسىگە ئېرىشەلمەي، ئانىسنى تۆت كۆز بولۇپ كۈتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. كېچىسىمۇ ئانىسىنىڭ يېنىدا يېتىشقا ئۇنىماي مومىسى بىلەن بىللە يېتىۋالدى. ئانىسى ئۇنىڭ يەنە ئورنىغا «خەرىتە سىزىپ» قويىدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي، تولىمۇ بىچارە ھالەتتە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ كەتتى. ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئانىسى قانداق كەلگەن بولسا يەنە شۇ پەدىسىدە بالىلىرىنىڭ بىرنى يېتىلەپ، بىرنى كۆتۈرۈپ كېتىپ قالدى. ئانىسى ماڭغىچە ئۇنى بىر قېتىم باغرىغا تېڭىۋېلىشقا شۇنچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۇ قېچىپ تۇتۇق بەرمەي ئانىسنى تولىمۇ ئۈمىدسىز قويۇپ، كۆزلىرى كەينىدە يولغا سېلىپ قويىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مانا يەنە نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئانىسى كەلمىدى، قارلىغاچمۇ كەلمىدى. لېكىن ھەر نېمە بولسا ئورنىغا سىيىپ قويىدىغان كېسىلى ساقايغان ئىدى. ئانىسى ئۇنى تاشلاپ كەتكەن ئاشۇ كۈنلەردە مەھەللىدىكى باللار ئۇنىڭغا:

— ھەي تۇسۇق، قارلىغاچ بىلەن تەڭ ئاناڭمۇ كەتتى. قارلىغاچ كەلمىگىچە ئاناڭمۇ كەلمەيدۇ، — دېيىشتى. ئۇ بۇ گەپنى مومىسىغا دېگەنتى، مومىسى ئاچچىقلاپ:

— پوقنىڭ ئىسسىقىنى يەپتۇ ئۇ ساقالاندىلار، ئاناڭ بىلەن قارلىغاچنىڭ نېمە ئىشى، قارلىغاچ دېگەن يىلدا كېلىدىغان جانىۋار، ئاناڭمۇ تېنچلىق بولسا كېلىدۇ، — دېدى. لېكىن ياندۇرقى يىلى قارلىغاچ كەلمىدى، ئانىسىمۇ كەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى. مومىسىدىن قايتا سورىمىدى. شۇغىنىسى كۆڭلىدە ئەبەدىي بىر قارا داغ قالدى.

ئۇ ھەر كۈنى مومىسىغا چۆچەك ئېيتقۇزاتتى، ئاڭلايدىغان چۆچەكمۇ قارلىغاچ ھەققىدە بولاتتى.

— بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان يېگتى يولدا

uyghurkitap.com



كېتىۋاتسا، قۇلىقىغا بىر سىنىڭ نالە ـ پەريادى ئاڭلىنىپتۇ. ــ دەپ چۆچەكنى باشلايتتى موماي نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ــ يىگىت دىققەت قىلىپ تىڭشىسا ئاۋاز يول بويىدىكى بىر ئورەكتىن چىقىۋېتىپتۇ. ئۇ بېرىپ قارىسا، ئورەكتە بىر بوغما يىلان يېرىم جان نالە قىلىپ يېتىپتۇ. يىگىتنىڭ يىلانغا رەھمى كېلىپ، ئۇنى ئورەكتىن چىقىرىپ، جاراھىتىگە ئوت ـ چۆپ دورىلاردىن مەلھەم ياساپ چاپلاپ، توقايلىقتا قويۇپ بېرىپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ ھېلىقى دېھقان يىگىت يەنە شۇ يولدىن ئۆتۈۋاتسا، ئۇنىڭ ئالدىنى غايەت زور بىر بوغما يىلان توسۇپ ئۇنى يېمەكچى بولۇپتۇ. يىگىت يىلاننى تونۇۋېلىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەي ۋاپاسىز، ئەينى چاغدا سەن يېرىم جان ئورەكتە ياتقان ۋاقتىڭدا، مەن سېنى قۇتۇلدۇرۇپ قويسام، بۇگۈنگە كەلگەندە ماڭا ياندۇرغان جاۋابىڭ مۇشۇ بولدىما؟

بۇنى ئاڭلىغان يىلان، يىگىتنى تونۇپتۇ ـ يۇ، يەنە ئۆز تەبىئىتىدىكى ياۋۇزلۇقى غالىب كېلىپ شۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەي ئادىمزات، توغرا، سەن مېنى قۇتۇلدۇردۇڭ، لېكىن مېنىڭ ئەسلىمنى ئۇنتۇپ قالما. مەن ھەرقانداق جانلىقتا نەشتىرىمنى سانجىيمەن، ئاندىن دەم تارتىمەن. مېنىڭ خۇسۇسىيىتىم شۇ تۇرسا يەنە مەندىن نېمە تەلەپ قىلماقچىتىڭ؟

ئۇلار شۇنداق دەتالاش قىلىشىۋاتقاننىڭ ئۇستىگە، قارلىغاچ كېلىپ قاپتۇ ھەم ئەھۋالنى بىلىپ دېھقان يىگىتكە شۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەي ئادىمزات، يىلان باتۇر ناھايىتى توغرا دەيدۇ. ئۇ ئۆزىدە بار بولغان ئالاھىدىلىكنى ئېيتتى. ئەمدى ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلساڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەستە. ئۇنىڭ سېنى يەيمەن دېگىنى ناھايىتى توغرا. سەن بۇنىڭغا قارشى گەپ قىلما ھەم يىلان باتۇرنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلمەن دېمە.

بۇنى ئاڭلىغان يىلان ناھايىتى مەغرۇرلىنىپتۇ. دېھقان يىگىتى بولسا، ئۆزىنىڭ قىلغىنىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلىپتۇ. قارلىغاچ يەنە شۇنداق دەپتۇ:

ــ ئەي يىلان باتۇر، مەن ئادەم دەم تارتىدىغان يىلاننىڭ تىلىنىڭ ئاستىدا بىر بەلگە بار دەپ ئاڭلىغان. بىلمىدىم بۇ بەلگە سېنىڭ تىلىڭدا بارمۇ يوق؟

بۇنى ئاڭلىغان يىلان مەغرۇرلىنىپ ئاغزىنى شۇنداق ئېچىپتۇ. قارلىغاچ ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ تىلىنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قاراپتۇ. يىلان، قارلىغاچنىڭ تەكشۈرۈشىنى كۈتۈپ تۇرغان بىر پەيتتە، يىلاننىڭ تىلىنى بىرلا چوقۇپ ئۈزۈۋېلىپ پۇررىدە كۆككە ئۆرلەپتۇ. بۇ ئاچچىق ئەلەمدىن تولغانغان يىلان، كۆككە پەرۋاز قىلغان قارلىغاچنىڭ كەينىدىن بىرلا ئېتىلىپ، ئۇنىڭ يەلپۈگۈچتەك چىرايلىق قۇيرۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بەش تال پېيىنى چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقى ئاچىماق بولۇپ قاپتۇ. يىلاننىڭ تىلنى قارلىغاچ ئۈزۈۋالغاچقا، شۇ كۈندىن باشلاپ، گەپ قىلالماي، «كۇش...كۇش...»لا قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

موماي چۆچەكنى سۆزلەپ بولۇشىغا تۇرسۇن يەنە سورايتتى.

ــ ھېلىقى دېھقان ئاكاشچۇ؟

ــ ھە، يىلان ئۆز دەردى بىلەن بولۇپ كەتكەن پەيتتە، دېھقان يىگىتمۇ غىپپىدە تىكىۋېتىپتۇ...

ــ قارلىغاچ ئادەملەرگە بەك كۆپ ياخشىلىق قىپتىكەن ھە موما؟

ــ ھەئە بالام، قارلىغاچ ئىنسانلارنىڭ يېقىن دوستى. شۇڭا ئىنسانلار قارلىغاچنىڭ ئۆز ساراي ـ پېشايۋانلىرىغا، ئۆي تورۇسلىرىغا ئۇۋا سېلىشىنى ياقتۇرىدۇ.

ــ يەنە قارلىغاچنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرە موما...

ــ بولدى بالام.

ــ ياق... ــ تۇرسۇن قەغىشلىق قىلىپ يەنە يىغلايتتى. موماي نائىلاج يەنە قارلىغاچ ھەققىدىكى چۆچەكنى باشلايتتى.

ــ بۇرۇنقى زاماندا ھايۋاناتلار پادىشاھى پاشىغا، قايسى مەخلۇقاتنىڭ قېنىنىڭ تاتلىقلىقىنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. پاشا يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل جان ـ جانىۋار، ئۇچار قاناتلارنىڭ قېنىنى بىر قۇردىن شوراپ،

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ قېنىنىڭ ئەڭ تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ھەم بۇ خەۋەرنى شاھقا يەتكۈزۈپ، كاتتا ئىنئامغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئوردىغا قايتىپتۇ. يولدا كېلىۋاتسا ئالدىغا قارلىغاچ ئۇچراپتۇ.

— ئەي پاشاجان، نېمانچە ئالدىراپ ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ قارلىغاچ پاشىنىڭ ئەلپازىدىن بىر شۇملۇقنى سېزىپ. پاشا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل جانلىقلار ئىچىدە شاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەنلىكىدىن مەغرۇرلىنىپ، بۇ ئىشنى قارلىغاچقا كۆرەڭلەپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— قايسى جانلىقنىڭ قېنى ئەڭ تاتلىقكەن؟ — دەپ سوراپتۇ قارلىغاچ.

— پۈتكۈل جانلىقلار ئىچىدە ئادەمنىڭ قېنى ئەڭ تاتلىقكەن. ئەگەر بۇ خەۋەرنى شاھىمغا يەتكۈزسەم، ئۇلۇغ شاھىم يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنى بىر باشتىن يېگىلى تۇرسا، ھى... ھى... — پاشا شۇنداق دەپ ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپتۇ. قارلىغاچ ئۇنىڭ نىيىتىدىن سەسكىنىپتۇ ـ يۇ، لېكىن چاندۇرماپتۇ.

— پاشاجان، مەن سۆزۈڭگە تازا ئىشىنىپ كېتەلمەيمەن، — دەپتۇ قارلىغاچ پەرۋاسىز ھالدا.

— ئىشەنمەيدىغان نېمىسى بار؟ — سوراپتۇ پاشا.

— نى ئېسىل جانلىقلارنىڭ قېنى ئالدىدا، ئادەمنىڭ قېنىنى تاتلىق دەيسەن، بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن.

— ئىشەنمىسەڭ مېنىڭمۇ ئامالىم يوق، — دەپتۇ پاشا ئۆزىنىڭ قىلغىنىنى ئىپادىلەشكە ئامالسىزلىق بىلەن.

— ئادەمنىڭ قېنىنىڭ تەمى قالغان تىلىڭنى چىقىرە، مەنمۇ تېتىپ باقاي. ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا، مەنمۇ شاھىمغا سېنىڭ گېپىڭنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ، گۇۋاھلىقتىن ئۆتىمەن، — دەپتۇ قارلىغاچ.

— مانا... — دەپ تىلىنى چىقىرىپتۇ پاشا. بۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان قارلىغاچ بىرلا چوقۇپ پاشىنىڭ تىلىنى ئۈزۈۋاپتۇ. «غىڭ... غىڭ...» قىلىپ قالغان پاشا شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئادەمنىڭ قېنىنىڭ تاتلىقلىقىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ بىلدۈرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار، ۋەھشىي ھايۋانات پادشاھىنىڭ يەپ تۈگىتىشىدىن ئامان قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ پاشا «غىڭ... غىڭ...» قىلىپ قارلىغاچ ئۈستىدىن دادلاپلا يۈرىدىغان بولۇپتۇ...

— موما، قارلىغاچ بىردەم يىلاننىڭ، بىردەم پاشىنىڭ تىلىنى چوقۇپلا يۈرۈيدىكەن ھە؟ — سورىدى تۇرسۇن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

— شۇنداق بالام، كونىلارنىڭ «باش نەدىن كېتىدۇ؟ ئېغىزدىن!» دېگىنىمۇ شۇ. شۇڭا ھەرقانداق شادلىقمۇ، كېلىشمەسلىكمۇ مۇشۇ تىلدىن كېلىدۇ. قارلىغاچنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن، يىلاننىڭ، پاشىنىڭ تىلىنى چوقۇۋېلىشىمۇ، شۇم ئېغىز بولماسلىقنى بىزگە ئۆگەتكىنى، — موماي شۇنداق دەپ، ئۆزى بىلگەن تەلىم بىلەن تۇرسۇنغا چۈشەنچە بېرەتتى. تۇرسۇنمۇ بۇنى ھەق دەپ بىلىپ، قارلىغاچنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنىڭ دوستى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۆزىنىڭ ئاشۇ يېقىن دوستىنى ئۆلتۈرۈپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكسىنىپ كېتەتتى. قوشنا ـ قولۇملارنىڭ پېشايۋان ـ ئايۋانلىرىغا يوشۇرۇن نەزەر سالاتتى. ئىلگىرى قارلىغاچ ئۇۋا قىلغان چاڭگىلارغا قانداقتۇر تەلمۈرۈش ئىچىدە ھەسرەتلىك قارايتتى. قارلىغاچلارنىڭ قايتا كېلىپ، مۇشۇ چاڭگىلىرىدا بالا چىقىرىشىنى، ۋىچىرلاپ سايراپ ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى، ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس بۇ مەنزىرە قايتا نامايان بولمايۋاتاتتى...

شۇنداق قىلىپ، مومىسى دەسلەپتە ئۆزى بىلىدىغان قارلىغاچ ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئېيتتى. ئېيتىۋەرگەندىكىن قارلىغاچ توغرىسىدىكى چۆچەكمۇ تۈگەيدۇدە. لېكىن تۇرسۇن باشقا ھايۋاناتلار ھەققىدىكى چۆچەكنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى. كېيىنچە تۇرسۇننىڭ غەلۋىسىدىن قۇتۇلماقچى بولغان مومىسى، باشقا ھايۋاناتلارنىمۇ قارلىغاچقا تەمسىل قىلىپ سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى.

3

— جېنىم قوزام، ماللارغا ئوت سېلىۋەتسىلە، — مومىسى، ئورنىدا ئېغناپ ياتقان تۇرسۇننى مېھرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئويغاتتى. تۇرسۇن بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇرىغانچە ياۋاش ھەم رايىش مومىسىغا دومسىيىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپلا كىچىك تەرەت قىلىپ بولۇپ، مومىسى تەييارلاپ قويغان ئۆرۈكتىكى سۇدا يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، جاغىل ئۆچكىنىڭ سۈتىدە ئۇيۇتقان قېتىقتا ناننى بولۇشىغا چىلاپ يەپ ناشتىلىقنى قىلدى. قورسىقى تويغاندىن كېيىن مومىسىغا قاراپ قولاشمىغان بىر ھەرىكەتتە ئەركىلەپ قويدى.

— بالام، كېچىچە ئۇ جانىۋارلارنىڭمۇ قورسىقى ئاچتى، — دېدى موماي، كۈندىن - كۈنگە بويى تارتىپ بېرىۋاتقان نەۋرىسىگە مەستلىكى كېلىپ بېشىنى سىلاپ.

— ماقۇلە، — تۇرسۇن شۇنداق دەپ سىرتقا ماڭدى. ئانا - بالا ئۆچكىلەر بىلەن قېرى ساغلىق ئۇنىڭ ھەممىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن مۆلدۈرلەپ قارىشىپ، پەس ئاۋازدا مەرىشىپ قويۇشتى. تۇرسۇن ئوغلىقنىڭ ئېمۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يېلىنىغا خالتا كىيدۈرۈپ قويغان جاغىل ئۆچكىنىڭ ئەتراپىدا تېپىرلاپ يۈرگەن ئوغلىقى بىلەن قېرى ساغلىقنى قوشۇپ ئېغىلدىن ئېلىپ چىقتى، ئۇ بۇلۇڭدىكى چېپىتنىمۇ قولتۇقىغا قىسقانچە ئېتىز تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

كۈز پەسلى كېلىپ قالغانىدى. بىر قىردا پۆپەكلىرى قارىيىپ، پوستلىرى قۇرۇشقا باشلىغان قوناقلار تىنچىق ھاۋادا سالپىيىشىپ، يەنە بىر قىردا مېغىزى پىشقان ئاپتاپپەرەسلەر ئېگىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئورغاق سېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. تۇرسۇن كۆچلۈك قۇياش نۇرىدا كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان ئېتىزغا نەزەر سالدى. مومىسى ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان، ئۆزى بولسا قۇرامىغا يەتمىگەچكە، يېزىلىق ھۆكۈمەت تەقسىملەپ بەرگەن يېرىنى باشقىلارغا كۆتۈرە بېرىۋەتكەنىدى. شۇڭا ئېتىز ئىشى دەپ تېپىرلاپ يۈرمەيتتى. شۇغىنىسى مەكتەپنىمۇ تۈزۈك ئوقۇيالماي، مانا ھازىرقىدەك تۇتسا سېپى يوق ئىشلارغا مەشغۇل بولۇپ، خالىسا يېتىپ، خالىسا قوپۇپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

مومىسىمۇ قېرىغان جېنىغا ئەمەك بولۇۋاتقان بۇ نەۋرىسىگە قەۋەتلا ئامراق بولۇپ، تۇمشۇقلۇقىغا چوقۇتماي، تىرناقلىقىغا تاتىلاتماي دېگىنىنى قىلىپ بېرىپ چوك قىلىۋاتاتتى.

تۇرسۇن ئاتىسىنى ئەسلىيەلمەيتتى. مومىسىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ ئاتىسى، بىر يىلى بۇ يۇرتقا نەلەردىندۇر پەيدا بولۇپ قالغان كىگىزچى ئۇستامىغا شاگىرتلىققا كىرىپ، بىر ياز ئۆيمۇئۆي كىگىز پىشۇرۇپ يۈرۈش جەريانىدا ئۇنىڭ مۇشۇ ئانىسى بىلەن چىقىشىپ قېلىپ، كۈزدە توينى قىلىشىپتۇ. 2 - يىلى تۇرسۇن تۇغۇلۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، قارىماققا ياۋاش، مۇلايىم كۆرۈنىدىغان بۇ شاگىرت، سېپى ئۆزىدىن ئاياغ سەۋداسى بار بولۇپ چىقتى. قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، ئارا كۈندە ئالتە ۋاق بازار قوغلاپ يۇرتمۇيۇرت چىقىپ كېتەتتى. خوتۇن، بالا دېگەنلەر كاللىسىغا كىرىپ چىقمايتتى. ئانىمۇ، قىزىمۇ تولا سۆزلەپ ھاردى. بولمىسا ئۇ يىتىمنىڭ قۇلىقى ھەم ئاغزى شۇنداق يۇمشاق، كىم نېمىلا دېسە:

— بولىدۇ ئانىكا...

— ماقۇل تاتلىق خوتۇن... — دەپ تۇرغىنى بىلەن قىلغان گەپلەر بوسۇغا ئاتلىماي جايىدىلا قالىدۇ. يەنىلا ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ يۈرگىنى يۈرگەن. ئىلگىرى بىر چىقىپ كەتسە، ھەپتە - ئون كۈن قارىسىنى كۆرسەتمەيدىغان ئاتا، تۇرسۇن تۇغۇلۇپ بىر ياشتىن ئاشقان بىر كۈنى شۇ چىقىپ كەتكەنچە، مانا ھازىرغىچە يا ئۆزى، يا سۆزى يوق. تۇرسۇننىڭ ئانىسىمۇ بىرەر مەزگىل قاراپ بېقىپ، بۇ ئەرنىڭ ئۆزىگە ئاش بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ خېتىنى ئالدى. بۇ چاغدا تۇرسۇن ئۈچ ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. چوڭلار دېگەن قايسى ئىشنى باللارغا مەسلىھەت سالىدۇ دەيسىز ؟ ئانا يەنە كىملەرنىڭدۇر تونۇشتۇرۇشى بىلەن يىراق يۇرتتىكى يەنە بىر بويتاققا ياتلىق بولۇپ كەتتى. بۇ ئىشلاردا ھېچكىم تۇرسۇنغا بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلىپ قويمىدى. مانا ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ

كەتتى. ئانا ئاردا بىر كەلگەن بىلەن ئىككىنچى قارىسىنى كۆرسەتمىدى. تۇرسۇننىڭ ئورنىغا سىيىپ قويىدىغان كىيسلى ساقايغان بىلەن، ئۇنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلىشىدىغان مومىسىدىن بۆلەك ھېچبىر قاياشى يوق. ئەمدى بۇ ئىشلارنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟!

تۇرسۇن يىراققا كۆز تاشلىدى. بوز رەڭ قۇملۇق سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئالۋۇنلار ئارىسىدا بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكىنىگە قارىماي چوقچىيىپ كۆرۈنگەن قىرى توغراقلار، يىراقتىن ھازىرلا يوپۇرۇلۇپ كېلىدىغان ئالۋاستىلاردەك تۇيغۇ بېرەتتى. بۇمۇ بەلكىم مومىسىدىن كۆپ ئاڭلىغان قۇملۇق رىۋايەتلىرىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ تېنى شۈركەنگەندەك بولسىمۇ، تەبىئىتىدىكى قورقۇمسىزلىقى تەسىرىدە، ئۆزىنى ئاشۇ ئالۋاستىلار بىلەن جەڭ قىلىدىغان باھادىر - پەھلىۋانلار قاتارىغا قويۇپ، ۋۇجۇدىغا غايىۋى كۈچ - قۇۋۋەت تولغاندەك بولدى. مىس رەڭ چىرايىدا ساددىلارچە كۈلكە جىلۋە قىلىپ، قولىدىكى تايىقنى بىر ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ئوينىتىپ قويدى. ھەرىكەتلىرى قاملاشمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى مۇشۇ زېمىننىڭ ئەركىسىدەك ئوتلۇق سېزىم ئىچىدە ئەللەيلەندى. ئۇ ماللىرىنى ئېتىز قىرلىرىغا قويۇپ بېرىپ، سايىراق يەرنى ئىزدەپ ئەتراپقا كۆز تاشلىدى.

— ھەي توسۇق، ماڭە، — تۇرسۇن بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەينىگە قارىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزىدىن بىر نەچچە ياش چوڭ مىرەك تاز، چاشقاندەك كۆزلىرىنى مەككارلارچە ئوينىتىپ تۇراتتى. ئىسمى مىرادىلمۇ، مىركاملمۇ ياكى باشقا بىر نېمىمۇ ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ تازەك، بۇ مەھەللىدە كىمنىڭ بالىسى، قاچان، نەدىن كېلىپ قالدى ھېچكىم بىلمەيتتى. چوڭلار بىلمىگەننى تۇرسۇن ئابايلا بىلمەيدۇ. جاھاندىكى ھەممە ياخشى - يامانىنى تەڭ قىلىدىغان بۇ يېتىمەك، گاھىلارنىڭ ئوتۇننى يېرىپ، سۈيىنى توشۇپ «دۇئا»سىنى ئالسا، گاھىلارنىڭ قۇرۇتۇپ قويغان گۆلە - قاق، توخۇ - توشقانلىرىنى قونجىمۇ ئوغرى، بوخچىمۇ ئوغرى قىلىپ «قارغىش» ئالاتتى.

شۇغىنىسى ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى ئۇچۈن ھېچكىم ئۇنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقارمىدى، شۇڭا ئۇمۇ نېمە قىلسا قىلىپ بىر كىشىلىك رىزقىنى يەپ، جاھاندارچىلىق قىلىپ ئۆتتۈۋاتاتتى. تۇرسۇن مومىسىدىن، «چېچەن تاز»، «ئەقىللىق تاز»... دېگەندەك ناھايىتى نۇرغۇن چۆچەك ئاڭلىغان. ئۇ چۆچەكلەردە قۇماق باش تازلارنىڭ ئاجايىپ ئەقىل - پاراستى، كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان سۆزمەن - چېچەنلىكى بىلەن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئاجايىپ پاراستى بىلەن مەلىكىلەرنى ئەمرىگە ئالغانلىقى، ھەتتا شاھلىق تەختلىرىگە چىققانلىقىدەك ۋەقەلەر سۆزلەنگەنىدى. بىراق مىرەككە قارىسا، سېپى ئۆزىدىن تەنتەك، ئالىقاپ، سالتا - سۇلتاڭ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن، تۇرسۇن كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدىغان ئاشۇ غايىۋى «قەھرىمان» تازلارنىڭ ئۇۋۇقىنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان بىر ئەبگانى كۆرگەندەك بولاتتى.

— نەگە؟ — سورىدى تۇرسۇن مىرەكنىڭ چىرايىغا قارىماي مىس چۆگۈندەك پارقىراپ تۇرغان بېشىغا قاراپ. دېمىسىمۇ ئىلگىرى مىرەكنىڭ بېشى قۇماق تاز بولۇپ، قان - يىرىڭ ئېقىپلا تۇراتتى. تۇرسۇننىڭ مومىسى بۇ بايقۇشنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، دەسلەپتە مىرەكنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ قويۇپ بېشىغا ئۆزى ياسىغان دورىلارنى چاپتى. بۇنداق چاغدا بىچارە مىرەكنىڭ نالىسىنىڭ بىر ئۇچى يەرگە كىرىپ كەتسە، بىر ئۇچى ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ كېتەتتى. شۇنداق بىر نەچچە قېتىملىق ئالداپ يۈرۈپ قىلغان قىيناقلاردىن دورا ھەقىقەتەن تەسىرىنى كۆرسىتىپ يارىلار قاقاچ بولۇپ تۆكۈلۈپ كەتتى. شۇغىنىسى باشقا چاچ چىقماي ياغ قاپقىدەك پارقىراپلا تۇردى. چاچنىڭ نېمە كېرىكى دەيسىز؟ ساتىراشنىڭ ئالدىغا بېرىشنىڭمۇ يولى قىسقاردىدە. بۇنىڭدىن بۇ تازەك قەۋەتلا خۇش بولۇپ ئۇنىڭ مومىسىغا قىلىدىغان «ساخاۋەت داستىخنى»نى تۆكۈپلا بەردى. مومىسى ئۇنىڭ بۇنداق قىلماسلىقنى نۇرغۇن قېتىم دېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سېخىي ئالىقنى يۇمۇلمىدى. ئاخىرى مومىسى، ئۆيىگە كىرگەن نەرسىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ تۇرسۇن ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ تۇردى. بىر كۈنى موماي مىرەككە:

— بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا يىڭنە چاغلىق نەرسە ئېلىپ كېلىدىكەنسەن، يەنە باغلاپ قويۇپ بېشىڭغا دورا سۈركەپ بۇرۇنقى ئەكسىڭگە كەلتۈرۈپ قويىمەن، — دەپ قوقاق سالدى. بۇ گەپ ھەققەتەن ئۈنۈمىنى كۆرسەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ مىرەك بۇ ئۆيگە بىر نەرسە ئېلىپ كىرمىدى. بىراق ئېغىر - يېنىك ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى. تۇرسۇننى باشقىلارغا بوزەك قىلدۇرمايتتى. ھازىرمۇ تۇرسۇننىڭ يېنىدا شەيتاندەكلا پەيدا بولۇشىمۇ ئۇنچە تاسادىپىيلىق ئەمەس ئىدى.

— ئاۋۇ قىردا سارىخان جىرتاقنىڭ مادا ئېشىكى باركەن... — مىرەك تاز شۇنداق دەپ، قىپقىزىل مىلىكلىرى ئارىسىدىكى ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى.

— يەنە مۇشۇنداق ئەسكى ئىشلارنى قىلساڭ مومامغا دەيمەن... — تۇرسۇن گېپىنىڭ ئاخىرىنى مىرەكنىڭ بېشىغا قاراپ دېدى. بۇنىڭدىن «مومام سېنى يەنە ئەكسىڭگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇش چىقىپ تۇراتتى.

— چاقچاق قىلىپ قويىدۇم، — دېدى مىرەك تۇرسۇنغا قاراپ، مومىسى يىراقتا تۇرۇپمۇ بىر ئەپسۇن بىلەن بېشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويىدىغاندەك چۆچۈپ، ئەسلى ئاق، لېكىن ھازىر توپا رەڭ بولۇپ كەتكەن، ئالىقاندەك شاپاق دوپپىسىنى بېشىغا تېخىمۇ باسۇرۇپ قويۇپ، — ھاشىم دادام، ماللارغا ئوت ئەكىلىۋەتسەڭ دېگەن، قارىسام سەنمۇ كېلىپسەن، چاقچاق قىلىپ قويىدۇم.

مىرەك ھەققەتەن ئەقىللىق ئىدى. تۇرسۇننىڭ بالىلىق قىلىپ مومىسىغا چېقىپ قويۇشىدىن قورقاتتى. چۈنكى ئۇ، ئۆتكەن ئاشۇ ئازابلىق كۈنلەرنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. شۇڭا گەپنى بۇراپ، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. تۇرسۇن ئۇنىڭغا تازا ئىشىنىپ كەتمەيتتى. مىرەكنىڭ ياخشىلىقنى قىلىپ تۇرۇپ پوسۇقىدە بىرەر ئەسكى ئىشنى چىقىرىپ تۇرىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى.

«ئەسكى ئىشلارنى قىلغان ئادەمنىڭ تارتىدىغان جازاسىمۇ كۆپ بولىدۇ» دېگەنىدى مومىسى. دېمىسىمۇ مىرەكنىڭ ئىلگىرىكى تارتقان كېسەللىك ئازابلىرىنى، ئۇنىڭ باشقىلارغا قىلغان ئەسكىلىكىدىن دەپ بىلگەن تۇرسۇن، بۇنى مىرەككە نەچچە رەت ئېيتقانىدى. «ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگىچە» دېگەندەك مىرەك نېمىشقىدۇر ئەسكى خۇيىنى تامامەن يوقىتالماي ئارىلاپ - ئارىلاپ «ئوچۇق دېگىلى بولمايدىغان ھېلىقىدەك ئىش»لارنى قىلىپ قوياتتى.

— باشتا سېنىڭ چېپتاڭنى توشتۇرۇۋېتەيلى، — مىرەك شۇنداق دەپلا قىر بويلاپ ئۆسكەن يۇمران چۆژگۈن ئوتلارنى يۇلۇشقا باشلىدى، تۇرسۇنمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلدى.

— ھەي توسۇق، ساڭا دېسەم سەنمۇ چوڭ بولدۇڭ. كۈندە مومامنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇۋېلىپ، كىچىك بالىدەك قىلىق قىلىپ يۈرمەي، مەن بىلەن بازار كۆر، ئانچە - مۇنچە كۆزۈڭنى ئاچ. سېنى ئوبدان يەرلەرگە ئاپىرىمەن، — دېدى مىرەك خۇددى ھەممە ئىشتىن خەۋىرى بار، ھەممىگە قۇربى يېتىدىغان ئادەمدەك يەلكىسىنى كېرىپ قويۇپ. تۇرسۇن ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ ئىچىدە كۈلدى. مىرەكنىڭ ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىشلىرىغا قاراپ:

— سېنىڭ كەينىڭدە يۈرسەم بولۇشۇم سەندەك بولار؟ — دېدى تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ.

— مەن قانداقكەنمەن؟ — مىرەك ئورنىدىن شاپپىدە تۇرۇپ تۇرسۇننىڭ بېشىغا بىر شاپىلاق سالدى، — سەن شۇمنى ئادەم قىلىپ قوياي دېسەم تېخى مېنى ياراتمىغۇدەك بولدۇڭما.

— پىت باش تاز، ئادەم ئۇرامسەن تېخى... — تۇرسۇن شۇنداق دەپلا خىرامان تۇرغان مىرەكنىڭ قورسىقىغا غەزەپلەنگەن بۇقىدەك ئۈسسىدى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن مىرەك ئېتىز ئىچىگە موللاق ئېتىپ چۈشتى. تۇرسۇن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، مىرەكنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغىچە بىر سەكرەپلا

دۇمبىسىگە مىنىۋېلىپ، قارا كالتەكتەك پۇت - قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بېشىنى قومساقىغۇ تۇپراققا پاتۇرۇشقا باشلىدى.

— ئۇكام... جېنىم ئۇكام، خاپا بولما ئۇكام... — مەرەك شۇنداق دەپ تۇرسۇنغا يېلىنىشقا باشلىدى. بۇرۇندىن ئۆزىنىڭ كۆكەمە - ئۇششۇق، جېدەلخورلۇقى بىلەن مەھەللىدە تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا مەيدىسىنى كېرىپ، نۆۋەتتە تۇرسۇنغا باشپاناھ بولۇپ، باشقىلارغا بوزەك قىلدۇرماي يۈرگەن مەرەكنىڭ بۈگۈن ئاشۇ ئۆزى بېشىنى سىلاۋاتقان ئۆكسىدىن تاياق يېيىشنى ئويلاپمۇ باقمىغاچقا، يېلىنىپ يىغلاشقا باشلىدى. تۇرسۇن ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇراتتى...

مەرەكنى بىر ھازا دۇمبالىغان تۇرسۇن ئاخىرى ھاردى. مەرەكنىڭ پوتلا - ياشلار بىلەن بۇلغانغان يۈزلىرى قومساقىغۇ تۇپراقتا كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا تۇرسۇننىڭ قولىنى باغلاپ بەرسىمۇ قول سېلىشقا پېتىنالمىغۇدەك ھالغا چۈشكەن مەرەك، تۇرسۇننىڭ قولىدىن بوشاپلا بىر نەچچە قەدەم نېرىغا قېچىپ بېرىۋالدى.

ئىككىسى ئىككى قىردا ئۈنسىز ئولتۇرۇشاتتى. تۈيۈقسىز، سەۋەبسىز باشلانغان جېدەل يەنە شۇنداق تۈيۈقسىز بېسىققانىدى. ئىككىلىسى ھېچقانداق ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىشىش ئارىلاشمىغان بۇ جېدەلنىڭ نېمە سەۋەبتىن باشلانغانلىقىنى بىلىشەلمەي بىر - بىرىگە يەر تېگىدىن قارىشىپ، ھومىيىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. تۇرسۇننىڭ كۆڭلىدە بىر كۈنلىرى مەرەكنى مۇشۇنداق بىر ساۋاش ئويىدا بولۇۋاتقانغا خېلى ۋاقىت بولغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى كېيىنكى قۇرلاردا سۆزلەيمىز، مەرەك گەپمۇ قىلماي ئاستا چۆپ يۇلۇشقا باشلىدى. تۇرسۇنمۇ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ئىككىسىنىڭ تاغىرى توشتى. مەرەك گەپمۇ قىلماي چېپىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ كېتىپ قالدى. تۇرسۇن ئۇنىڭ كەينىدىن، ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل تۇيغۇدا ئىچى ئاچچىق بولۇپ قاراپ قالدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈنمەس بىر توساق پەيدا بولدى. ئۇچرىشىپ قالغاندا ئېپادىسىز، تۆۋەنسىز بىر - بىرىگە قارىشىپ باشلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويۇشاتتى. نۆۋەتتە كەلسە ئېغىزلىرىنىڭ ئۇچىدىلا بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇرۇشۇپ قويۇشاتتى. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتۈپ تۇرسۇننىڭ مومىسى:

— مەرەكنى ھۆكۈمەت ھۈنەر ئۆگىتىدىغان مەكتەپتە ئوقۇتقۇدەك، تۇۋا خۇدايىم، بۇرۇنلاردا ھۈنەر دېگەننى ئۇستاملاردىن ئۆگىنىدىغان، ھازىر مەكتەپتە ھۈنەر ئۆگەتسە نېمە بولۇپ كەتتى ئەمدى، — دەپ پەرۋاسىزلا ئىشنى قىلىۋەردى. بۇ گەپلەرنى مومىسى تۇرسۇنغا دېدىمۇ ياكى ئۆزىگە دېدىمۇ ھېچقايسىسى ئېرەنشىمىدى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ بۇ يۇرتتىن راستىنلا مەرەكنىڭ قارىسى يوقىدى، بۇنىڭدىن نېمىشقىدۇر تۇرسۇننىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالدى.

تۇرسۇن ئويلىناتتى. «مەرەكمۇ مۇشۇ كېتىشىدە قايتىپ كەلمەيدىكەنىدە؟!» شۇنداق، ھەممىسى كەتتى. بۇ يۇرتتىن ئەڭ دەسلەپتە ئۇنىڭ ئاتىسى كېتىپتىكەن، كەينىدىن ئانىسى كەتتى. ئاندىن ئەرشى بوۋاي، ئايالى... كەتتى. مانا ھازىر مەرەكمۇ كەتتى. ئەرشى بوۋاي، ئايالى ۋە باشقا چوڭلارغۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇ دۇنياغا كەتتى. لېكىن ئۇلار مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى. بىراق ئاتا - ئانىسى، مەرەكلەرچۇ؟ قارلىغاچ كەلمىگىچە قايتىپ كەلمەسمۇ؟ ئۇلارنى بۇ يۇرتقا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن چوقۇم قارلىغاچنى قايتۇرۇپ كېلىش كېرەكمۇ؟ قارلىغاچنى بۇ يۇرتقا كەلمەس قىلىۋېتىشكە ئۆزى سەۋەبچى بولغان ئىدى، ئۇنداقتا كېتىۋاتقانلارنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىشىغا ئۇ سەۋەبچىمۇ؟... تۇرسۇن شۇنداق ئويلايتتى. ئاشۇ خىيالدىكى خىرەلىكنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئۇزاقتىن - ئۇزاق نامەلۇم نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە تۇرسۇن خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك، خامۇشلۇق ئىچىدە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. مەھەللىدە ئۇنىڭ ماڭسا - تۇرسا بىللە يۈرىدىغان تەڭتۇشلىرى يوق. ھەممىسى مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ ياكى ھۈنەرلەرگە تۇتۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بېرىلگەن. ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىككى ئاۋارە مالنى يېتىلەپ ئېتىز قىرلىرىنى چىڭداشتىن بۆلەك ئىشى يوق. مومىسىمۇ مۇشۇ كۈنلەردە تازا نورمالسىز بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ھېلى ياشلىقىدىكى ئىشلارنى ھۇزۇرلىنىپ سۆزلەپ كۈلۈپ تېلىقىپ كەتسە، تۇرۇپلا ياشلا تۇل قالغان كۈنلىرىدىكى غېرىبلىق، مىسكىنلىكنىڭ دەردىنى ئېيتىپ قار - يامغۇر تۆككۈلۈپ كېتىدۇ. تۇرسۇن بۇنداق چاغدا مومىسىغا يا تەسەللىي بېرىشنى، يا بۇنىڭغا لايىقىدا ئىپادە بىلدۈرەلمەي بىر ھازا پارقىراپ تۇرغاندىن كېيىن، ھېلىلا ئېتىزدىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى ھەيدەپ يەنە قورۇدىن چىقىدۇ. ماللارنىڭ ئوتلاقلى ئېلىپ مېڭىلغانلىقىنى كۆرگەن موماي شۇندىلا جىمىقىدۇ. دېمىسىمۇ مومايغا ھەقىقەتەن قېرىلىق يەتتى. بىر ئۆمۈر جىرىڭ - جىرىڭ ئۆتكەن ئايال ھازىر قويغان - ئۆتقىنىنى بىلمەيدىغان، تاماقنىڭ تۇز - تەمىنى تېتىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىشلار بىلەنغۇ تۇرسۇننىڭ پەرۋايى پەلەك، شۇغىنىسى مومىسىنىڭ ئۆزى چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى تولا قىلىشى ئۇنىڭغا بەكلا بىسەرەمجان، ھارغىنلىق ھېس قىلدۇراتتى.

4

مەھەللىنىڭ ئايغىدىكى قۇملۇق تۇرسۇننىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ماكانى. ماللىرىنى توغراقلىققا قويۇۋېتىپ، ئۆزى خالىيراق بىر يەرنى تېپىپ قىيسىياتتىدە، خىيالدا كىرمىگەن ئوي، چىقمىغان دۆڭ قالمايتتى. توپ - توپ چىغ ئارىسىدىن ئۈركۈپ چىققان توشقانلارغا قاراپ:

— قاچماڭلار، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار... — دەپ يالۋۇرۇپ كەتسىمۇ بۇ جانىۋارلار پارتىلداپ قېچىپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولاتتى. ۋىژىلداپ كەلگەن قۇملۇق چاشقىنى، پاتمچۇق، ئوق يىلان، كەسلەنچۈك... لەرگىمۇ كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ ئۆلگۈرەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالىدىغان پەقەت ئاشۇ رايىش چۈمۈللەر ئىدى. دەيدىغىنىنى دەپ بولغاندا خالسا ئۇلارنى يولغا سېلىپ قوياتتى. كۆڭلىدىكى سۆزلىرى تۈگىمىسە، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توراپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن كۆڭلىدىكى يوشۇرۇن سۆزلىرىنى ئېيتاتتى، جاۋابقا ئېرىشەتتى، كۆڭلى تەسكىن تاپاتتى...

ئۇنىڭ يەنە بىر كۆڭۈل خۇشى مەھەللىسىدىكى ئەرشى بوۋاي ئىدى. بوۋاي تولىمۇ رايىش، گەپچى، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاياۋدىغان، بولۇپمۇ تۇرسۇنغا باشقىچە مېھىر بىلەن قارايتتى. ھېچكىمدىن كۆرمىگەن خۇۋلۇقنى ئاشۇ بوۋىسىدىن كۆرۈپ كەلگەندى. ئەرشى بوۋاي تۇرسۇنغا ھەر كۈنى يېڭى چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. تاتلىق - تۇرۇملارنى نەلەردىندۇر ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بېرەتتى. شۇڭا تۇرسۇنمۇ ئەرشى بوۋايغا سۇۋۇنۇپلا يۈرەتتى. بولۇپمۇ ئاشۇ كۈندىكى مەنزىرە ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئەبەدىي مۆھۆر بولۇپ بېسىلىپ كەتتى. چۈنكى، بۇ ئىشلارنى تۇرسۇن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، لېكىن ھېچكىمگە تىنالمىغان، ھەتتا تىننىشقىمۇ پېتىنالمىغاندى.

شۇ كۈنى ئەرشى بوۋاي، ئاشۇ ئەسكى ئامبار ئۆيدە شۇنچىلىك ئۇنىسىز ئىگرىۋەتتىكى. پۇت - قولى ماغدۇرسىزلىنىپ ئورنىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يىرىك ساقاللىرى جانسىز تىترەيتتى. قورۇق باسقان چىرايى تېخىمۇ قورۇلۇپ، كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرگىدەك ئېغىر تىناتتى.

— ھايۋانلار... نائەھلىلەر... — بوۋاي تولىمۇ بىچارە ھالدا ئاشۇ سۆزنى تەكرارلايتتى، ئۇنىڭ دىمىقى ئېچىشىپ ئىچىنى بىر نەرسە ئارامسىز تاتىلايتتى، ۋۇجۇدىدا بىر پارچە ئوت لاۋۇلداپ كۆيەتتى، قولىدىكى بىر سىقىم توپىنى كۆچەپ مىجاتتى.

— ھايۋانلار... نائەھلىلەر...

ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن يانغان غەزەپلىك نۇرلار، بۇ ئەسكى كۇلبىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىمۇ ئالا قويماي سىڭەتتى. ھەر بىر نەرسىگە — ئەسكى توقۇما، ئارغامچا پارچىلىرى، ياغاچ قوزۇق، تۆشۈك داس - چېلەكلەر... ئىشقىلىپ، بوۋاينىڭ بۇ ئامبىردا بارلىكى تەئەللۇقاتى ئۇنىڭ نەزەرىدىن ساقىت بولمىدى. ئەپسۇس، بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالمىدى. ئەكسىچە تېخىمۇ غەش قىلىپ يەلكىسىنى غايەت زور بىر قورام تاش

باسقاندەك بولۇپ، ئۇنىڭسىزمۇ ئىگىلگەن قەددى تېخىمۇ مۈكچىيىپ، پېشانىسىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى.

— ھايۋانلار... نائەھلىلەر...

بوۋاينىڭ كۆزىدىن، جاۋغىيىدىن ئاقىقان سۇيۇقلۇق ساقىلىدىن ساقىپ ئالدىدىكى توپىغا سىڭەتتى. ئۇنىڭ سىقىلغان يۈرىكىدىن تارقالغان ئاغرىق پۈتۈن سەزگۈلىرىگە تەسىر قىلىپ قىزارغان كۆز جىيەكلىرى لازا سۈركىگەندەك ئېچىشاتتى. بۈرتۈپ چىققان قوۋۇز سۆڭەكلىرى ئاقىقان ياشلىرىدىن پارقىراپ پىغانلىق نالىلىرىگە مۇڭ بولۇپ توختاۋسىز لىپىلدايتتى. ئۇنىڭ تىنىقى بارغانچە ئېغىرلىشىپ روھى چىقىپ كەتكەندەك ھالەتتە ئۆزىنىڭ نەدە، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سېزەلمىگۈدەك ھالسىزلىق ئىچىدە ئىڭرايتتى. پۈتۈن تاپقان ـ تەرگەن دۇنياسىنى ئوغرىلاپ كەتكەن نائەھلىنىڭ يەتمىش پۇشتىنى قويماي قارغايتتى. ناھايەت، بوۋاينىڭ بايلىقى بارى ـ يوقى 830 يۈەنلا پۇل ئىدى، بۇنى گەرچە بايلىق دېگۈچىلىكى بولمىسىمۇ، بوۋاينىڭ نەزىرىدە شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، نەچچە ساراي سالسىمۇ يېتەتتى. چۈنكى، بوۋاي مۇشۇ پۇلنى يىغقۇچە ئاشۇ نەچچە سارايىنىڭ پۇلنى يىغقۇدەك جاپانى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى، ئۇنىڭ قىسىلمىغان بوينى مۇشۇ پۇلنى يىغقۇچە قىسىلدى، سارغايمىغان چىرايى مۇشۇ پۇلنى يىغقۇچە زەپىران بولدى...

يۈرىكىنىڭ زىلىڭ قىلىپ ئاغرىشى بوۋاينى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئامباردا تۇرغانلىقىنى بىلدى. ئالدىدىكى تۇرسۇنغا قاراپمۇ قويمايتتى. تۇرسۇنمۇ خۇددى ئۆزى يالغۇزدەك تۇنۇشسىز تۇراتتى. بوۋاي ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ ئۈرۈنۈپ باقتى، لېكىن تۇرالمىدى. يانلىرىنى سىلاپ باقتى، تايىنىپ تۇرغۇدەك بىرەر نەرسە چىقمىدى. ئۇنىڭ ياشلىرى قۇرۇپ تۈگىگەن بولۇپ، تىلىمۇ گەپتىن قالغاندەك بايا تىنىقى شۇبرلاشلىرىمۇ يوقالغانىدى. بىراق، ۋۇجۇدىدىكى ئاچچىق نەپرەت بارغانچە كۈچىيىپ ھېچ ئارامىلىق بەرمەيتتى. ئۇ يانپىشىنى سۈرەپ ئىشىك يېنىغا بېرىپ، كېشەككە ئېسىلىپ تەستە ئورنىدىن تۇردى.

ئەرشى بوۋاينىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە جايلاشقان، ئەتراپى چىتلاق بىلەن قورشىلىپ تۇرغان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئېغىز ئۆي، بىر ئەسكى ئامبىرى بىلەن كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ھويلا ئىچى تېرەك ۋە باشقا مېۋىلىك دەرەخ بىلەن خېلىلا ئارامبەخش كۆرۈنەتتى.

ئىككى ئېغىز ئۆي بولسا خېلىلا كونىرىغان بولۇپ ئۈستى ـ ئۈستىگە بېرىلگەن سۇۋاقلار چۈشۈپ ئۆي ئۇلىغا يېرىم كونۇس شەكلىدە يۆلىنىپ تۇراتتى. بەلكى رېمونت قىلىنمىغانلىقى بىر نەچچە يىل بولغاچقا، يامغۇر يالاپ چۈشۈرۈۋەتكەن ئۈگزە گىرۋەكلىرىگە قارىغان كىشىمۇ بىر خىل تۈيغۇغا كېلىپ قالاتتى. بۇ ئۆيلەردىن ئالتە ـ يەتتە قەدەمچە نېرىدا بوۋاي كىرگەن ئامبار تۇراتتى. ئۇنى ئامبار دېگەندىن كۆرە چالما كېسەك دۈۋىسى دېگەن تۈزۈكرەك قىلاتتى. بۇ ئامبارغا كىرگەن كىشى ھېلىھەم ئۆي دېگەن ئاتاقنى يوقاتماي كېلىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالاتتى.

تۇرسۇننىڭ مومىسىنىڭ دەپ بېرىشىچە مۇشۇ ئەرشى بوۋاي ياش، قىران چاغلىرىدا يىگىتلەرنىڭ سەر خىلى، نوچىلىقتا يۇرتقا تۇۋرۇك بولغۇدەك ئەركەككەنمىش. شۇغىنىسى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاشۇ نوچىلىقلار ئورنىغا بايامقىدەك ئورنىدىنمۇ تۇرالمىغۇدەك ئاجىزلىق ئالماشقانىدى. ھازىر بۇ ئۆيلەردە ئەرشى بوۋاي، كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان مومىيى بىلەن بىللە ياشايتتى.

بوۋاي تاش ئېسىۋالغاندەك ئېغىرلاشقان قەدەملىرىنى تەستە سۆرەپ ئامباردىن چىقىپ ئۆيگە كىردى. كۆز ياپرىقىدەك سارغايغان چىرايى، خۇنۇك كۆزى مۇردىدەك كۆرۈنەتتى، تۇرسۇنمۇ ئۇنىڭ سايىسىدەك تۇنۇشسىز ئەگەشتى. بوۋاينىڭ سۇس تىترەك ئولاشقان پۈت ـ قولىلا ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قەدىناسىنىڭ يېنىغا ئەكىردى.

ئىچكىرىكى ئۆينىڭ سۇپىسىدا، توزغاقلىرى چىقىپ قالغان تۈشۈكلەرگە ماز تىقىپ توختاتقان قۇراق تەكىيىنى بېشىغا قويۇپ موماي ياتاتتى. ئۆي تاملىرىغا بىر نەچچە ياغاچ قوزۇق قېقىلغان بولۇپ، قوزۇقلاردا

www.uyghurkitap.com



كەمزۇل - بەلباغ ۋە ئىككى - ئۈچ جۈمبۈ ئىسقىلىق ئىدى. ئۆي تەئەللۇقاتىمۇ شۇنچىلىك ئاددىي ھەم يوق دېيەرلىك بولۇپ، سۇپىدا ئىككى پارچە كىگىز، كىگىز ئۈستىدە يوغان بىر ساندۇق تۇراتتى. تۇرسۇن، بايام بوۋاي ئوغرىغا بېرىپ قويغان 830 يۈەن پۇلغا شۇنچە ئاھ ئۇرۇپ كەتكەنگە قارىغاندا ساندۇقتىكى دەپنە - دۇنياسىمۇ تايىنلىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئۈلگۈردى. ئاياغ شەپىسىنى سەزگەن موماي بېشىنى كۆتۈردى.

— ھايال بولۇپ قالدىلغۇ؟ — سورىدى موماي ئەتراپىنى سىيلاشتۇرۇپ بوۋىيى خورما ئۇرۇقىدا ياساپ بەرگەن تەسۋىسىنى ئېلىۋېتىپ.

— ھېچ ... ھېچنېمە، ئۆزۈمچە ئايلىنىپ كەلدىم، — بوۋاي ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشسىمۇ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەپ چىقىۋاتقان پىغانى، كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش كەلتۈردى. ھېلىمۇ ياخشى، مومايىنىڭ كۆزى ياخشى كۆرمىگەچكە بوۋاينىڭ كۆز يېشىنى پەرق ئېتەلمىدى.

— ئاۋازلىرى باشقىچە چىقىدىغۇ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىمىغانلا؟

— ياقەي، ئەتىگەندە سەل شامال دارىپ قالغاندەك قىلغانىدىم، ھېلى ئوڭشىلىپ قالىمەن. ئانىسى، مەن سىلىگە نوقۇت شورپىسى سېلىپ بېرەي، كېچە ئەكەلگەن تۆشمۈ بار، ئىچىپ بىر تەرلىنىپ باقسىلا، باشلىرىنىڭ قايىدىغانلىرى قالسا ئەجەب ئەمەس، — بوۋاي ئەتەي گەپنى بۇراپ، مەشكە قازان ئاستى. تۇرسۇن تۈگۈلگەنچە مۆشۈكتەك پۈشۈلداپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇراتتى. بوۋايمۇ، مومايمۇ يانلىرىدا شۇنداق بىرسىنىڭ بارلىقىغا پەرۋامۇ قىلىشماي ئۆز ئىشلىرى بىلەن ھەلەك ئىدى.

— قېرىغانلىرىدا خىزمەتلىرىدە بولالمىدىم، — موماي شۇنداق دېگەچ كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىلە، — بوۋاي ئەمدى ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋېلىپ مۇرەببەسىگە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى، — ئىككىمىز نەچچە يىللىق قەدىناسلار، بىر - بىرىمىزگە يات كۆزدە قاراش بىزگە ياراشمايدۇ، ئانىسى.

— باياتىن كۆزۈم سەل ئىلىنىپ قاپتىكەن، بۇۋىخەلچەم چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، — موماي يەنە كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى، — رەھمەتلىك قىزىم بولغان بولسىمۇ قېرىغاندا مۇنچە قىينىلىپ كەتمەستۇق.

— رەھمەتلىكنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا، روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن، — بىچارە بوۋاي ئاغزىدا شۇنداق دېگەنبىلەن، كۆڭلىدە، قىزىمىز چۈشلىرىگە قانداق كىردى، نېمە قىلىۋېتىپتۇ، دەپ يېپىدىن - يېڭىنىسىغىچە سورىغۇسى كەلدى، بىراق قېرى مەزلۇمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ سۆزىنى ئىچىگە يۇتتى.

بوۋاي پۇلنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى مومايغا ئېيتمىدى. بۇنى ئېيتىپ مومايىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىشنى خالىمىدى. بىر - بىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھەر بىر تىنىقلىرىدىن سېزىۋالغۇدەك چۈشىنىشىپ كېتىشكەچكە ھەر بىرىنىڭ كۆڭۈل سىرلىرى ھامان بىر - بىرىگە ئايان ئىدى. موماي، بوۋىينىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىمىلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، كۆيۈۋاتقان ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيماسلىق ئۈچۈن ئارتۇق گەپ - سۆز قىلماي تەسۋىسىنى سىيرىشقا باشلىدى. بوۋاي قازانغا سالىدىغاننى سېلىۋېتىپ، كۆڭلىدىكى دەردىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇش ئۈچۈن بۇلۇڭدىكى ياغاچ يەشىكنى مەشكە يېقىن ئەكىلىپ، بىر پارچە پالاسنى ئېتىكىگە ياپقاچ، يەشىكتىن جۇۋالدۇرۇز، ئىنچىكە تېرە يىپ قاتارلىق نەرسىلەرنى چىقىرىپ، پۈتەي دەپ قالغان جۇمبۇنى تىكىشكە باشلىدى. تۇرسۇن ئەرشى بوۋاينىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى، ئىلگىرى بوۋاي بۇ ئىشلارنىڭ زىر - زەۋىرىنى قويماي ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەن.

بۇ دەل كەچ كۈز مەزگىلى ئىدى، سوغۇق ئادەمنىڭ گەجگىسىنى خېلىلا قورۇيتتى.

ئېتىز - قىرلار قىشلىق ئۇيقۇسىغا مۆگدەيتتى. ئەمدى قۇشلارنىڭ يېقىملىق ناۋاسى، پادىچىنىڭ مۈڭلۈق نەي ئاۋازى نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى. قوناق شاخلىرىنى يىغىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن دېھقانلار تۈشمۇتۈشتىن قول تىقىپ ئىشلىشىۋاتاتتى. ھەممە ئائىلىنىڭ ھويلا ۋە ئۆگزىلىرى سامان - مەنگەن بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ

قىشلىق ئوزۇقى بىلەن بىللە مال - چارۋىلارنىڭمۇ غېمىنى قىلىپ بولۇشقانىدى. يازىچە شېرىن - شېكەردەك نېمەتلەر بىلەن تولنى يارغان باغدىكى دەل - دەرەخلەر ئەمدى ئىگە - چاقىسىز موساپىردەك غېرىبسىنىپ تۇراتتى. ئاخىرقى ياپراقلارمۇ شېخىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك لەيلەپ يەرگە چۈشەتتى. كەچ كۈز، ئەتىگەنلىرى نېپىز مۇز تۇتۇپ، بۇ يىل قىش سوغۇقىنىڭ راۋۇرۇس بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئېتىز - قىرلاردىكى ئەمەن، يالپۇزغا ئوخشاش ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇششۇگەن غوللىرى، دۈمچىيىپ ئولتۇرۇپ ياشلىقىنى ئەسلەۋاتقان موييسپىتتەك كۆرۈنەتتى. جانغا لەززەت بېرىدىغان ئېتىز ناخشىلىرى ئاڭلانمايتتى. كۆككە قارىسىڭىز ھەممە ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن تولغىنىپ چىقىۋاتقان ئىس، ئەتراپقا قارىسىڭىز قاقشال بولغان دەرەخ، داڭگاللىق ئېتىز، مانا بۇ، كەچ كۈزنىڭ بۇ يۇرتقا بەرگەن مەنزىرىسى.

ئەرشى بوۋاينىڭ تۇرسۇنغا دېيىشىچە جۇمبۇچلۇق — ئاتا مىراس ھۈنىرى ئىكەن. ئۇ بۇ ھۈنەرنى توققۇز يېشىدا ئۆگەنگەن بولۇپ ھازىرغىچە قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ، «ئاتامنىڭ ھۈنىرىنى خار قىلما» دېگەن ئەقىدە بويىچە، بوۋاي بۇ ھۈنەر بىلەن ساق 60 يىل شۇغۇللىنىپ كەلدى. بۇ جەرياندا ئۇ ھېچبىر بايلىققا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئۆزىگە ھالال نان تېپىپ بەرگەن، باشقىلار ئالدىدا بويۇن قىسىندۇرمىغان بۇ ھۈنەردىن رازى ئىدى.

جۇمبۇچلۇق كىرىملىك ھۈنەر بولمىسىمۇ، باشقا ھۈنەرلەرگە ئوخشاش ھۈنەرنى قەدىرلىگۈچىگە ھۆرمەت كەلتۈرىدىغان ھۈنەر ئىكەن. بوۋاينىڭ دېيىشىچە، دادىسىنىڭ زورلىشى بىلەن ئەمەس، دادىسىنىڭ يۇرت ئىچىدىكى شۆھرىتى بىلەن مۇشۇ ھۈنەرگە كىرىشكەنىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ دادىسىنى كىشىلەر، مۇشۇ ھۈنىرى بولغاچقىلا ھۆرمەتلەپ «قاسىم جۇمبۇچى» دېيىشىدىكەن. ئەينى چاغدا بۇنداق ھۆرمەت تۇيغۇسى ئۇنىڭمۇ ھەۋىسىنى قوزغىغانىكەن. شۇڭا كىچىككىنە تۇرۇپ دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ بىگىزلىرىنى تالىشىپ، جۇمبۇ تىكىشنى ئۆگىنىپ قويۇشنى سورايتتىكەن. دادا، ئوغلىدىكى بۇ سەبىي ئىنتىلىشنى كۆرۈپ قەلبى سۆيۈنۈش ئىچىدە شادلىناتتىكەن، شۇڭا قولىدىكى ھۈنىرىنى ئوغلىغا قويماي ئۆگەتكەنىكەن.

ئەرشى بوۋاينىڭ تىككەن جۇمبۇلىرى شۇنچىلىك سىپتا ھەم چىرايلىق بولۇپ كىشىلەرنىڭ قولىغا چىقىپ قالسا ئىختىيارسىز ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ كېتەتتى. بۇ جۇمبۇلار يا ئات - ئېشەكنىڭ بويىنىنى يېغىر قىلمايتتى، يا ئېغىرلىق قىلمايتتى. بوۋاي جۇمبۇ تىككەندە، مومىيى يېنىدا ئولتۇرۇپ يىڭنە ئېشى قىلامدۇ، ئاش - تاماق ئېتەمدۇ ھامان بوۋىيغا كۆڭۈلدىكىدەك سۆھبەتلەرنى قىلىپ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشىنىڭ قەنتىنى چاققۇزاتتى.

ئەرشى بوۋاينىڭ دېيىشىچە، مومىيى بىلەن بىر ئۆيدە ياشاپ كېلىۋاتقانغا 50 يىل بوپتۇ، ئائىلە تۇرمۇشىدا ئەر - ئاياللارنىڭ «غاژ - غۇژ» بولۇپ قېلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ ئىككىسىنىڭ ئېغىزغا ئالغۇدەك ئازارلىشىپ قالغانلىقىنى ھېچقايسىسى ئەسلىيەلمەيدىكەن. بولۇپمۇ ياشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىمۇ شۇنچىلىك كۈچىيىپ كېتىپتۇكى، ئىككىسى بىر - بىرىنى بىردەم كۆرمىسە ئىزدەپ چىقىپ كۆرۈشىدىكەن.

ئەرشى بوۋاي ياشلىقىنى ئەسلەپ شۇنداق دېگەنىدى. بىر چاغلاردا ئۇمۇ نەۋقىران يىگىت ئىكەنتۇق. بوي - بەستى بەھەيۋەت، كۈچتۈڭگۈر. دەرەخلەرنىمۇ «يىلتىزى بىلەن يۇلۇۋەتكۈدەك» قارامىكەنتۇق. ئۇ چاغلاردا بوۋاي يۇرت يىگىتلىرىنىڭ ئالدى، توي - تۆكۈن، مەشرەپلەردە سورۇننىڭ بېشى ئىكەنتۇق. مەيلى قانداقلا ئىشتا بولسۇن كۈچىنى خار قىلىپ يۈز تاپقاچقا، ھازىرمۇ (گەرچە كۈچتىن قالسىمۇ) ھامان ياشلىقىدەك باشقىلارغا يېلىنىشنى، ياردەم سوراپ شاپائەت تىلەشنى نومۇس دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئائىلىسىدە چىش كولىغۇدەك نەرسە قالمىغان چاغدىمۇ، مومىيى بىلەن بىر - بىرىگە كۆڭۈل ئېيتىشىپ، نۆۋەتتە ساپ ھاۋامۇ ئىنسانغا ئوزۇق بولىدۇ دېگەندەك، روھىي ئوزۇقلار بىلەن كۆڭلىرىنى بەھۇزۇر ئۆتكۈزۈشەتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com


قىسنىپ قالغان داد - پەريادىنى يۈرىتىكىلەر بىرەر قېتىممۇ ئاڭلاپ باقمىغاچقا، بەزىلەر «بۇ قىزنىڭ ئوغرىلىقچە سېتىپ يەيدىغان ئالتۇنى بار» دېيىشەتتى. ئويلاپ باقساق بۇ گەپلەرمۇ ئورۇنلۇقتەك. يا بىرەر پەرزەنتى بولمىسا بۇ قىزلارنىڭ، بوۋاينىڭ ھېچكىمدىن ياردەم سورىماي، كىشىلەرنىڭ قىلغان ياردىمىنى «ماڭا خەير - ئېھسان كېرەك ئەمەس، مەنمۇ بىر ئەركەك» دەپ قىزلىقىغا تەن بەرمەيدىغان پەيلىنى كۆرگۈچى چوقۇم يوشۇرۇن كىرىمى بار، دەپ ئويلايدۇ - دە، بىراق، ئەرشى بوۋايغا بۇ گەپلەر تۈزلۈق تائامدەك تۇيۇلۇپ بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالسا تۆت پۇتى ئۆرە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يەتمىش پۇشتىنى قويماي تىللايدۇ. شۇڭا ھەممىيلەن بوۋاينىڭ ئالدى - كەينىدە بۇنداق گەپ قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. بۇ ئىككى قىزنىڭ ھۆكۈمەت بەرگەن ياردەم پۇلىدىن سىرت جانلىرىغا جان، كۆڭۈللىرىگە مەدەت بېرىدىغان مۇھەببەتلىك ئەقدە ھەم مەنىۋى ئوزۇقنىڭ بارلىقىنى ئويلىمىسا كېرەك.

بوۋاينىڭ جۇمبۇچىلىق ھۈنىرى بار. توغرا، ئۇ ئىشنى پۇختا قىلغان بىلەن ئاشۇ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى ئالىدىغان ئادەم بولسا بولىدۇ. مېنىڭ جاپادا پۈتتۈرگەن مېلىنى بازار كۈنلىرى ئاپىرىپ بىر كۈن كەچكىچە ئولتۇرسا ئاران بىر ياكى ئىككىنى ساتالايتتى. ئىز پۇلغا ساتسىغۇ مەيلى، ئون يۈەن دەپ، بەش يۈەن ياكى ئۈچ يۈەنگە دېسىمۇ بېرىۋېتەتتى. ئۇنى ئالىدىغانلارمۇ ساپلا چاپانغا تاپسا ئىشتانغا يوق بىچارىلەر ئىدى. ھازىر ھەممە ئادەملەر تىراكتور، ئاپتوموبىلغا ئېرىشىۋاتسا، ئېشەك ھارۋىنى پەقەت شۇنداق چىقىش يولى تاپالمىغان بىچارىلەرلا ئىشلىتەتتى. شۇڭا بوۋاي ئالدىدا سارغىيىپ تۇرغانلار بىلەن باھا تالاشماي دېگىنىگە بېرىپ، ھۈنىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغانلىقىنىڭ خۇشاللىقىغا چۆمەتتى.

ئەپسۇس، ھازىر جۇمبۇچىلىقنىڭ بازىرى كاسات. چۈنكى، جۇمبۇ بولغان بىلەن ئېشەك ھارۋىسى كۈندىن - كۈنگە ئازلاۋاتسا، جۇمبۇنى ئەكىلىپ تىراكتور بىلەن كومباينىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويغىلى بولامدۇ؟ ئىلگىرىكى بەزى جۇمبۇچى، تاقىچىلار ھازىر كەسىپ ئالماشتۇرۇپ پۇللۇق ھۈنەرلەرنىڭ ئەھلى بولۇپ قالدى. بىراق بوۋايغا بۇنداق قىلىش ئاتىسىغا ئاسىيلىق قىلغان بىلەن تەڭ. ئۇ قانداقلا ئىش بولسۇن، مەيلى ھەممە ئادەم ئاسماندا ئۇچسىمۇ ھامان ھۈنىرىنى خار قىلمايتتى. ئادەملەر يەر يۈزىدە ھايات كەچۈرسىلا ھۈنىرىم خارلانمايدۇ، دەپ ئۈمىدلىنەتتى.

بوۋاي بۇ ھۈنىرى بىلەن پۇل تاپمىدى يۈز تاپتى. مۇشۇلا بوۋايغا يەتكۈچە بايلىق. مۇشۇلار بوۋاينىڭ مەڭگۈلۈك شادلىقى، ئۇ ئالدىغا كەلگەن ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ بەرگىنىگە رازى بولۇپ ئۆتتى.

ئۇنىڭ پۈتۈن ئەقىدىسى ئۆز ھۈنىرىنى ئەل - يۇرت ئالدىدا قەدىرلىتىش. مانا بۇ ھەقىقىي ئىنسانىي بۇرچ. ھەقىقىي ھايات ناخشىسى. بىر زامانلاردا بوۋايمۇ دادا بولغان، بىرەر بالىغا ئەمەس، ئالتە بالىغا دادا بولغان. بىراق، بالىلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى كۈنى تولىمۇ قىسقا بولدى. بەشى كەينى - كەينىدىن قازا قىلىپ پەقەت بۆۋىخەلچەم دېگەن بىر قىزى ئەي بولۇپ قالدى. مىڭ ئەپسۇس بۆۋىخەلچەممۇ 14 يېشىدا ئاتا - ئانىسىنى ئوتىنىڭ ئىچى ھەم تېشىدا كۆيدۈرۈپ ئۇ دۇنياغا كەتتى.

ھاياتلىقىدا پەرزەنت پىراقىدا پۇچىلىنىپ ئۆتتۈش بۇ ئىككى بىچارىگە تەقدىر ئوخشايدۇ، ئۇلار پەرزەنت دەردىدە لەختە - لەختە بولغان يۈرەكلىرىگە بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببەتلىرىنى مەلھەم قىلىپ سۈركىدى. بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى موماينىڭ كۆزىگە ئاق چۈشۈپ قالدى. بۇ ئىش بوۋاينىڭ يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجىدى. ئۆزى سۆيگەن ئادەمنىڭ قۇياش نۇرىدىن ھۇزۇرلىنالمىغانلىقىغا ئۆكۈندى، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك ئازابلاندى. ئۇ، مومايىنى دوختۇرغا ئېلىپ بارغاندى، 3000 يۈەن ئەكىلىشنى ئېيتتى، بۇ گەپتىن بوۋاينىڭ بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك بولدى. 3000 يۈەن! بوۋاي ئۆمرىدە بۇنداق پۇلدىن نەچچىنى خەجلىگەندۇر. بىراق ھازىر يوق، ئەمدى بۇنچىلىك پۇلنى نەدىن تاپسۇن؟

بىرەرىدىن قەرز ئالسۇنمۇ؟ ياق!!! بۇنىڭغا

بوۋاينىڭ بوينى قاتتىق قىسىلدى. ھەر ئىھتىمالغا قارشى تۆت تەڭگىنى نېرى قويمىغانغا پۇشايمان قىلاتتى. دوختۇرلار مومىيىنىڭ كېسىلىگە 3000 يۈەن ئەمەس، بوۋاينىڭ يۈرىكىنى سورىسىمۇ ھېچبىر ئىككىلەنمەي بەرگەن بولاتتى... بوۋاي ھەرقانچە ئويلاپمۇ پۇلنىڭ ئامالىنى قىلالماي پۇچىلاندى. ئاخىر «ئۆزۈم ھايات تۇرۇپ، مومىيىمنى كىشىلەر ئالدىدا ‹كور› دېگەن ئاتاقتا قويامدىم، بۇنى ساقايتقىلى بولىدىغان كېسەللىكەنغۇ؟!» دەپ ئويلاپ قولنى كۆيدۈرمەيدىغان پۇلنىڭ ئامالىنى تاپتى.

ئەمدى بوۋاي كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ ھۈنىرىنى ئىشقا سالدى. بازار كۈنىنىلا ساقلاپ تۇرماي، ھەر كۈنى جۇمبۇلىرىنى بازارغا ئاپاردى. گاھى كۈنلىرى بامداتتا چىقىپ كەتسە خۇپتەندە كىرىپ بەش - ئون يۈەنلىك ئوقەت قىلاتتى. گاھىدا بىر پۈتۈلۈقمۇ ئوقەت قىلالماي بېشىنى ساڭگىلاتقىنچە قايتىپ كېلەتتى. بوۋاي ئوقەت قىلغان پۇلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تۇرمۇشقا ئىشلەتسە، قالغان قىسمىنى ئامباردىكى ساپال كوزىغا سېلىپ كۆمۈپ قويۇپ يىغدى. ئۇ، يىغقۇاتقان پۇلنى مومايدىن پىنھان ساقلايتتى. بىر كۈنلەر كېلىپ پۇل 3000 يۈەن بولغاندا بىراقلا چىقىرىپ مومىيىنى بىر خۇش قىلماقچىدى. بوۋاي پۇلنى كوزىغا سېلىپ كۆمگەچ بۇ گەپلەرنى تۇرسۇنغا دەپ، ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ كېتەتتى. بىراق... ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى ئوغرىلىنىپ كېتىلدى. بۇ ئىشنى قانداقمۇ مومىيىغا دېگىلى بولسۇن؟ ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، مۇشۇنداق نادامەت بۆشۈكىگە بۆلۈنۈپ ھەسرەتلىك تىنىقلار بىلەن كۈن ئۆتكۈزسۇنمۇ؟ بوۋاي ئۈنسىز يىغلايتتى. ئۇ، مومايىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرەتتى، بىراق ئۆز كۆڭلىنى بەزلىيەلمەيتتى. نادان، دۆتلۈكىگە يىغلايتتى. ئۇنىڭ يىغىسىنى پۇلغا ئېچىنىپ دېگەندىن كۆرە، يەنە قاچان شۇنچىلىك پۇل يىغىپ بىچارە مومىيىنى دوختۇرغا ئېلىپ بارغىچە مۇشۇنداق قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ يىغلايتتى. ئەرشى بوۋاينىڭ پۇلنى ئېنىقلا مەرەك ئوغرىلىغانىدى. بۇنى تۇرسۇن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسىمۇ، بۇنداق ئىشنى پەقەت ئۇنىڭلا قىلىدىغىنى ئېنىق.

ئاشۇ ئىش بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي تۇرسۇننىڭ كۆڭلىگە مېھرىلىك تۇيغۇلىرى بىلەن ھارارەت ئاتا قىلىدىغان ئەرشى بوۋايمۇ، ئۇنىڭ مومىيىمۇ كەينى - كەينىدىن يورۇق ئالەمدىن كەتتى. شۇنداق قىلىپ تۇرسۇننىڭ تۇرمۇشىدىكى يەنە بىر كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان كىشىسى يوق بولدى. ئۇ بۇنىمۇ قارىلىغاچنىڭ كېتىشىگە جۆنەپ باقتىيۇ، ئاخىرى مەرەكنىڭ سەۋەبىگە تاقاپ ئۆزىدىكى دىل يارىسىغا مەلھەم تاپقاندەك بولدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ مەرەككە ئىچىدە «خەپ...» دەپ غۇم ساقلاپ يۈردى. ئاشۇ كۈندىكى ئېتىز بېشىدىكى ماجىرادا تۇرسۇننىڭ مەرەككە قول سېلىشىدىمۇ بۇ ئىشنىڭ تەسىرىنى يوق دېگىلى بولمايتتى.

تۇيۇقسىز مەرەكنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىشكە كەتكىنى ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالدى. ئەرشى بوۋايمۇ ھۈنەرۋەن ئىدىغۇ، مەرەكمۇ شۇنداق ھۈنەرنى ئۆگىنەرمۇ؟ مېنىڭچە ئۇ سودىسى بولمايدىغان بۇنداق ھۈنەرنى ئۆگەنمىسە كېرەك، چۈنكى، ھازىر ھەممە ئادەم ئېشەك ھارۋىسى بىلەن خوشلاشتى. ئۇنداق ئاقماس ھۈنەرنى ھۆكۈمەتمۇ ئادەم ئاۋارە قىلىپ ئۆگىتىپ يۈرمەس؟ بەلكىم زامانغا لايىق بىرەر ھۈنەرنى ئۆگەتسە كېرەك...

تۇرسۇن قۇم دۆۋىسىگە ئولتۇرغىنىدا يېتىۋېلىپ ئاشۇنداق ئايىغى چىقماس خىياللارنى قىلىپ، كەچ بولۇپ كەتكىنىنى تۇرمايتتى. قورسىقى تويۇپ يېلىنلىرى چىڭقىلىپ، كېيدۈرۈپ قويغان خالتىغا پاتماي قالغان جاغىل ئۆچكىسىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆيى تەرەپكە ماللىرىدىن بۇرۇن چاپاتتى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنمۇ مومىسى ئىلگىرىكىدەك تۇجۇپلەپ ئەتكەن تاماقلىرى بىلەن ئەمەس، ئوك - تەتۈر كوتۇلداشلىرى بىلەن ئۇنى كۈتۈۋالاتتى. موماي كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى. ھازىر تۇرسۇنغا ئېتىپ بېرىدىغان چۆچەكلىرىمۇ نەلەردە قالدى، ئاغزى بېسىقماي ئۆزىنىڭ ياشلىقىدىكى چىرايلىقلىقى، يىگىتلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئۆزىنىڭ ئالدىنى توراپ ئاراملىق بەرمەيدىغانلىقى، يەنە كىملەرنىڭدۇر ئۆگزىسىگە چالما تاشلاپ ئاۋارە قىلىدىغانلىقى... توغرۇلۇق تۈگمەس پارىڭى بىلەن ئۇنى ھاردۇرۇپ ئۇخلىتىپ قوياتتى. تېخىمۇ چاتاق بولغىنى مۇشۇ كۈنلەردە مومىسى ئىشىك ئالدىغا چىقىۋېلىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى، ھەتتا كىچىك باللارنىمۇ «ئانا... ئاتا... دادىسى...» دەپ ئالتاغىل تۇۋلاپ، ئاراملىق بەرمەيدىغان بولۇۋالدى. بۇنىڭغا تۇرسۇن ھېچنېمە دېيەلمەي، كۆزلىرىنى ياغ سالغان چايدەك پارقىرىتىپ تۇرغىنى تۇرغان ئىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئادەملەر كېلىپ، مومايىنى داۋالاتقىلى بازارغا ئېلىپ كېتىشتى. ئۆيدە تۇرسۇن يالغۇز قالدى. تۇرۇپلا مومىسىنىڭ كېتىشىگىمۇ، ئىلگىرىكىدەك يۇرتىغا قارلىغاچلارنىڭ قايتىپ كەلمەسلىكىگە ئۆزى سەۋەبچى ئىكەنلىكىدىن دەپ، ئىچى ئۆرتىنەتتى. شۇڭا ئۇ كىمگە يېقىنلاشسا شۇ ئادەمنىڭ بۇ يۇرتتىن يوقىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھەممە ئادەمدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇۋالدى. قولۇم - قوشنىلار كىرگۈزگەن تاماقلىرىنىمۇ يۈرەكلىك ئولتۇرۇپ يېيەلمەي، قىسىلىپ - تىقىلىپ يۇرۇپ يەيتتى. گەپ قىلغانلارغىمۇ بېشىنى تىقىۋېلىپ يېنىدىن ئۈنسىز ئۆتۈپ كېتەتتى. باشقىلار:

— مومىسىغا چىدىمىغان يېرى بار... — دەپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشاتتى، ھېسداشلىق قىلىشاتتى. لېكىن تۇرسۇن بۇنداق ئويلىمايتتى. ئۇنىڭچە مومىسىنىڭ كەتكىنى بەكلا ياخشى بولغانىدى. بولمىسا ئۇنىڭغا ئاراملىق بولمايتتى. بۇرۇنلاردا ئۇ مومىسىغا قەۋەتلا ئامراق ئىدى، قويىنىدىن چىقمايتتى. قاچان مومىسى شۇنداق تولا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭدىن باشلاپ مومىسىغا ئۆچ بولۇپ قالدى. ئۇ ئانىسىنى ئۇنتۇپ كەتكىلىمۇ ئۇزاق بولدى. چۈنكى، شۇنچە يىللاردىن بېرى مۇشۇنداق بىر ئانىسىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت باشتا ئۇنى مومىسى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. بۇنىڭغا قانداق سەۋەبلەر توسالغۇ بولدى، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى قوشنىلىرىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى يەنە ئائىلىسىدە قالدۇرۇپ قويدى. بۇنىڭغا تۇرسۇن قەۋەتلا خۇش ئىدى. جاغىل ئۆچكىسىنىڭ يېلىنىغا خالتا كىيدۈرۈپ قويمايلا، ئوغلىقىنىمۇ ئايرىپ قويماستىن باققىلى ئېلىپ چىقاتتى. ئوغلاق ئانىسىنى خالىسا ئېمىپ، خالىسا قىيغىتىپ يۈرەتتى. تۇرسۇن ماللىرى بىلەن ئۆيدىن ئۇپۇق مەڭزى قىزىرىشىغىلا غىپپىدە چىقىپ كەتسە، كۈندۈزى خىلۋەت جايلاردا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، ماللىرىنى بېقىپ، كەچ كىرىشىگە ئۆيگە شىپپىدە كىرىپ، قوشنىلىرى ئەكىرىپ قويغان تاماقنى يەپلا، تۈگۈلۈپ ئۇيقۇغا كېتەتتى، ئۇنىڭ مۇشۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىغا خېلى كۈنلەر بولغانىدى.

5

بىر كۈنى چۈش مەھەل بولسا كېرەك، تۇرسۇن دەرەخ سايىسىدا راھەتلىنىپ ئۇخلاۋاتقانىدى، سۆڭگەكچىگە تەگكەن تېپىكتىن چۆچۈپ ئويغاندى.

— نېمە، كېچىچە يەر ئاغدۇرغان ئۆكۈزدەك ئېزىلىپ ئۇخلاپ كەتتىڭ ھاراملىق، مىڭنى توۋلىسا ھە دېگۈدەك زۇۋانىڭمۇ چىقمىدى، — ئۇنىڭ ئالدىدا كەنت مۇدىرى ساتتار سەپرا چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ھۆرپىيىپ تۇراتتى.

— نىم... نىم بولدى ساتتار دادا... — بالىنىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپ چىقىشى بىلەن ساتتار يەنە تىل سالدى.

— ئاناڭنىڭ... بولدى ساقلاندى ھارىمى، قاغجىرام ئىسسىقتا سەن شۇمنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، — ساتتار شۇنداق دېگەچ ئاچچىقتا تۇرسۇننىڭ يانپىشىغا يەنە بىرنى تەپتى، — يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن سەن گۇينىڭ بالىسىنى ئىزدەپ ئادەم كەپتۇ. يا مەكتەپتە ياخشىراق ئوقۇمىدىڭ، يا بىرەر ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدىڭ. مۇشۇ جىنىنىڭ نەسلى چىشقاق ئۆچكەڭنىڭ كەينىدە، قۇيرۇقىنى كەسكەن قانجۇقتەك سوكۇلداپ يۈرۈيسەن... — ساتتار مۇدىر بىر ياقتىن تىللاپ، بىر ياقتىن تۇرسۇننى تارتۇشلاپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

— نە... نەگە بارىمىز ساتتار دادا؟ — تۇرسۇن دەماللىققا ساتتارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمەي

قورقۇمسىراپ سورىدى.

— ئاناڭنىڭ يېنىغا ...

— ئانام ئاغ... ئاغرىق تۇرسا...

— ئاغرىقلىقنى بىلىمەن ئاناڭنىڭ، — ساتتار شۇنداق دېگەنچە قوي - ئۆچكىلەرنى تۇرسۇنغا قوشۇپ ئالدىغا سېلىپ ماڭدى، — بېشىمغا بالا شۇم، يا كۆتىنى ئاغرىتىپ تۇغقان ئانىسى ئىگە بولمىغان، يا بارار - كېلەر يېرىنىڭ تايىنى يوق لىگتاسما ئىگە بولمىغان بۇ ساقالاندىغا... — ساتتار ئاشۇنداق گەپلەر بىلەن تۇرسۇننى كەنت ئىشخانىسىغا ئېلىپ ماڭدى.

تۇرسۇن ساتتارنىڭ كىملەرنى شۇنداق تىللاپ - قارغىغىنىنى چۈشەنگەندەك بولسا، گاھ كىملىكىنى ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەي، ئالدىدا شاپاشلاپ ماڭدى. ئۇلار ئىشخانىغا كىرگەندە، تۇرسۇن ئىلگىرى بۇ مەھەللىدە كۆرۈپ باقمىغان ئىككى ئادەم ئولتۇراتتى. تۇرسۇن ئۇلارغا يېتىرقاپ قارىدى.

— سىلەر دېگەن بالا مۇشۇ شۇ، — ساتتار ئۇلارغا تۇرسۇننى كۆرسەتتى، — ماللىرىنى باققىلى ئېتىز بېشىغا چىقىپ كېتىپتىكەن تېپىپ كەلگىچە سەل ھاياللىشىپ قالدىم. تۇرسۇن بالام، بۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن كەلگەن باشلىق تاغىلىرىڭ. ئۇلار موماڭنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغىنىنى بىلىپ، سېنىڭ قارانچۇقسىز قالغىنىڭدىن ئەنسىرەپ ئالاھىدە يوقلاپ كەپتۇ، — شۇ تاپتا ساتتارنىڭ باياتىنقى شىردەك ھۆرپىيىپ تۇرغان تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

— ھوي، بۇ تېخى كىچىك بالىكەنغۇ، — ئولتۇرغانلاردىن بىرى ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ تۇرسۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىدىن تۇتۇپ يەنە ئورنىغا قايتىپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا تۇرسۇن ئۆزىنىڭ ئاشۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ تىزىدا ئولتۇرۇپ قالغىنىنى بىلىپ دەماللىققا تەنلىرى قورۇنغاندەك قىلدىيۇ يەنە قانداقتۇر بىر ئىللىقلىق تومۇرلىرىدا شورۇلداپ ئاققاندەك بولدى.

— شۇنداق، شۇنداق بۇ تېخى كىچىكلا بالا، يا مەكتەپتە ياخشى ئوقۇيالمىدى، بىرەر ھۈنەرگە تۇتۇپ بېرەلى دېسەك يېشى كىچىك. بىزە چوڭ بولسا دەپ ساقلاپ تۇردۇق، — ساتتار شۇنداق چۈشەنچە بەرگەچ يەنە قوشۇپ قويدى، — ئالدىنقى كۈنى ئۆزىنىڭ ئاپىسى بىلەن ئالاقىلەشتۇق.

— ھە، قانداق بولدى؟ — سورىدى يەنە بىرەيلەن قولىدىكى تاماكىسىغا چاقماق چاققاچ.

ساتتار بىردەم بالىغا، بىردەم ئەھۋال سوراپ كەلگەنلەرگە قاراپ بىر نەچچە دەقىقە تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئاستا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— ئۇ مەزلۇمنىڭ كېيىن تەگكەن ئېرى ئىككى بالىسى بىلەن ماشىنا ھادىسىسىدە قازا قىلىپ كېتىپتۇ، شۇ ئىشلارنى ئاياغلاشتۇرۇپ كېلىدىغان بولدى، — دېدى بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق تۇيغۇسىدا ئېغىر ئۇھسىنىپ. ئۇنىڭ سۆزلىرى يېنىدىكىلەرگە ئازاب تۇيغۇسى ئاتا قىلغان بولسىمۇ، تۇرسۇنغا ئاشۇ ھادىسىگە ئۇچرىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك ھېچقانداق تەسىر قىلمىدى.

— دادامچۇ؟ — تۇيۇقسىز سورىدى تۇرسۇن ساتتارغا قاراپ. تۇرسۇن بۇ سوئالنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىگە ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. ھازىرغىچە ئۇ، دادىسىنىڭ بارلىقىنى بىلسىمۇ بىرەر قېتىم خىيالىغا كەلتۈرۈپ باققىنىنى بىلمەيتتى. شۇ تاپتىكى سورالغان سوئالمۇ، ئىنسان تەبىئىتىدىكى يوشۇرۇن تۇيغۇنىڭ تۇيۇقسىز پارتلىشى ئىكەنلىكىنى ئۇ ئۆزىمۇ ھېس قىلالماي قالغانىدى. بۇنداق ھادىسە، ئىنسان روھىيىتى ھېچقانداق تەييارلىقسىز، مۇدھىش بىر ھالەتتە تۇرغاندا يۈز بېرەتتى.

— راست، ئۇنىڭ ئۆز دادىسىچۇ؟ — دەرھاللا سورىدى تۇرسۇننى تىزىدا ئولتۇرغۇزۇۋالغان كادىر جىددىي تەلەپپۇزدا.

— نەلەردە يۈرۈيدىكىن بىلمىدۇق ئۇ يېتىمەكنى — دەپ ئىپادە بىلدۈردى ساتتار.

— بۇ قىزىق گەپقۇ، ئۇلار ئەينى چاغدا قانۇنلۇق توي خېتى ئالغان بولغىيتتى؟ — يەنە سورىدى كادىر، تۇرسۇننى ئۆزىدىن سەل نېرىغا ئىتتىرىپ. چۈنكى يوغانلا بىر بالىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋەرسە ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئېغىرلىقى باردە.

— قانۇنلۇق توي قىلغان، — دېدى ساتتار ئۆزىنى ئاقلىغاندەك، — توي خېتىنىمۇ يېزىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هۆكۈمەتتىن ئالغان، كېيىن ئۆزلەشكەندىمۇ يېزىلىق هۆكۈمەتتىن ئۆزلەشكەن.

— ئۇنداق بولغاندىكىن، يېزىلىق هۆكۈمەتتە ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ ئادرېسى، كىملىك نومۇرى بولىدىغۇ. شۇ بويىچە سۈرۈشتۈرسەڭلار بىردەمدىلا تاپىماسمىلەر، — دېدى كادىر يىگىت چۈشەندۈرۈپ.

— راست شۇنى ئويلاشماپتۇق دېسە... — ساتتار بۇقىنىڭكىدەك قات - قات پاتقىنى قاشلاپ ئوڭايسىزلىقنى يوشۇردى.

كادىرلار ساتتارغا بىر مۇنچە ئىشلارنى تاپىلاپ كېتىپ قېلىشتى. ئەمدىكى ئىشلارنى يۈرگۈزۈش ساتتارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەندى. كادىرلارنى يولغا سېلىپ قويغان ساتتار، تۇرسۇننىڭ كۆتىگە كېلىشتۇرۇپ بىرنى تەپتى.

— هۇ بېشىمغا بالا هارىمى شۇم، بىمەنە ۋاقىتتا هاڭگا ئېشەكتەك، تېپىپ قويۇپ ئىگە بولمىغان داداڭ نىمە ئېسىڭگە كېلىپ قالدى دەيمەن؟ — ساتتارنىڭ بۇ سوئالىغا تۇرسۇن گۆشىيىپ تۇرۇپ جاۋاب قايتۇردى. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى چارە ئىكەنلىكىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. شۇنداق قىلمايمۇ نىمە ئامالى بار، يا بەرگۈدەك جاۋابى بولمىسا؟!

تۇرسۇننىڭ يېتىم قوزىدەك شۈمشىيىپ تۇرۇشىغا قاراپ، ساتتارنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى «چىممىدە» قىلغاندەك بولۇپ، بالىنى ئاستا باغرىغا باستى.

— مۇشۇ دۇنياغا تۆرىلىپ قالغىنىڭدىن بۆلەك سەندە نىمە گۇناھ بار بالام، — دېدى دىمىقىنىڭ ئېچىشىنى ئالقىنى بىلەن ئۇۋۇلاپ بېسىپ تۇرۇپ — ئەتە - ئۆگۈن ئاناڭ دىگەن شەپىشەكمۇ كېلە قېنى...

بالا ساتتارغا ھېسسىياتسىز، پەرۋاسىز مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇراتتى. ساتتار ئۇنىڭغا قاراپ ئويلىنىپ قالدى. «بۇ بالىنى دەلتە - ئاڭقاۋمىكىن دېسە، ئەقلى - هوشى جايىدا. لېكىن قىلغان قىلىقلىرى، ماڭغان - تۇرغىنى گومۇشلاردىن پەرقى يوق. ھەي... ئانىسى كەلسە ئۇنىڭغا نىمە قىلار؟ دادىسىنى تېپىپ بەرسەك، دادىسى ئۇنىڭغا نىمە قىلىپ بېرەر؟!... شۇلارنى كۆرسە ئۆزگىرىپ قالارمىكىن...»

دېمىسىمۇ ئاتا - ئانا بولسا قانداق بولىدىغانلىقىنى، بولمىسا قانداق بولىدىغانلىقىنى تۇرسۇن بىلمەيتتى. ئۇنىڭدا بۇلارنى بىلگۈدەك، هېس قىلغۇدەك ئەقىل - ئىدراكمۇ كەمچىل، ئەدناسى يوق ئىدى. مۇشۇ كۈنگىچە مومىسى بىلەن ئەرشى بوۋايلا ئۇنى «ۋاي بالام...» دەيتتى، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەمەس.

«ئاتا - ئانا ئەسلى قانداق بولار؟ ئۇلار مېنىمۇ، يىلنى چىڭقىلىپلا تۇرىدىغان جاغىل ئۆچكە، ئوغلىقنى ئەمدۈرگەندەك ئەمدۈرۈپ باقارما؟ هېلىقى چاغدا مەھەللىسىدىكى يەمەشنىڭ سالپاڭ قۇلاق ئىتى، جاغىل ئۆچكىنىڭ ئوغلىقىغا ئېتىلغاندا، ئاشۇ جاغىل ئۆچكە بالىسىنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ، ئۇچلۇق مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئىتنى ئۈسۈپ قاچۇرغاندەك، مېنى بوزەك قىلغانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەرما؟...»

تۇرسۇننىڭ ئۆزىدەكلا ساددا، تۇتامسىز خىياللىرى بىرىنىڭ كەينىگە بىرى ئۇلىنىپ چىقىۋېرەتتى. ئاخىرى نېرىپلىرى هېرىپ، بېشى چىڭقىلىپ، كۆزلىرى ئېلىشىپ، جاۋغىيىدىن شىلىمسىمان سۈيۇقلۇق سىرغىشقا باشلىغاندىلا قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى هېس قىلىپ ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارايتتى.

تۇرسۇننىڭ كۆز ئالدىدا بىپايان قۇملۇق سوزۇلۇپ ياتاتتى. قۇملۇقتىن ئەسكەن ئىسسىق شامال، ئۇنىڭ مىس رەڭ چىرايىنى ئىللىق سىيلايتتى. تەبىئەتنىڭ مېھرىلىك ئەركىلىتىشىدىن بۆلەك ئارامبەخشلىك كۆرمىگىلى ئۆزاق بولغان بالا، شۇ تاپتا هاياجان ئىلكىدە يىراقلارغا نەزەر تاشلايتتى. تۇيۇقسىز، يىراقتىن كۆرۈنگەن ئالۋۇن ئىچىدىن ئاجايىپ - غارايىپ بەتبەشىرە مەخلۇقلار تولغىنىپ، تۈرلۈك قىياپەتلىرى بىلەن پەيدا بولۇپ خىرىس قىلىپ، هەر تەرەپكە نەرە تارتاتتى. ئاشۇ مەخلۇقلار، ئاسمانىدا ئۇچۇۋاتقان، يەردە ئۆمىلەۋاتقان هەرقانداق ئۇچار قۇش، جان - جانىۋارنى، ئادەملەرنى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئانىسى، مومىسى، ئەرشى بوۋاي، يەنە مىرەكلەرمۇ بار بولۇپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى دەم

تارتىپ يۇتاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭ كۆھقاپتەك ئاغزىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنى ھەممىدىن كۆپ قارلىغاچ ئىدى. بۇ مەنزىرە ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ھاياجانلىق تۇيغۇلىرىنى نەلەرگىدۇر چۆرۈپ تاشلىدى. ئۇ ۋەھشىي مەخلۇققا تاشلانماقچى بولاتتىيۇ، شۇغىنىسى ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئاجىز، ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ تولغىناتتى... ئۇ ياۋايى مەخلۇقلار بىلەن ئېلىشىپ بولالماي ھالىدىن كەتتى. پۇت ـ قولى ماغدۇرسىزلىنىپ، قوللىرىنى قالايمىقان پۇلاڭلاتقانچە جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى...

تۇرسۇن ئاغرىپ قالغانىدى. پېشانىسىدىن مونچاقتەك تەرلەر سىرغىپ قۇراق تەكىيسىگە سىڭىپ كېتەتتى. ئۇ، كېسەللىكىنىڭ، بىتاپلىقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۆزىدىكى بۇ نورمالسىزلىقنى ھېس قىلىپ چۈشەنگۈدەك تۇيغۇمۇ كەم ئىدى. گاھىدا مۈشۈنداق ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، نېمىلەر شىپا قىلدۇكى يەنە ئەكسىگە كېلىپ قالاتتى. بۇلارنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى فىزىيولوگىيەلىك ئالامەتلەرنىڭ قالايمىقانلىشىش تەسىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىك ئىكەنلىكىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟ ئۇ ئاشۇنداق چۈش بىلەن ئويغاقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقاندا، قوشنا ئايال بىر چىنە ئاشنى ئېلىپ كىردى. ئۇ ئاشنى شىرەگە قويۇپ بالىنىڭ تولغىنىپ ياتقىنىغا قاراپلا بىر نورمالسىزلىقنى سېزىپ، بالىنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى.

— ۋاي خۇدايىم، ماۋۇ بالىنىڭ ئوت ـ كاۋاپ قىزىپ كەتكىنىنى... — ئايال شۇنداق دەپلا سىرتقا چاپتى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. تۇرسۇن خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. مىجەزى يوق كۈنلىرى قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە ياتقانىدى، مانا سەللا ئېسىگە كېلىپ، قانچە تۇتقىنىغا ئۇنىماي يەنە زەي پۇراپ تۇرىدىغان ئۆيىگە چىقىۋالدى.

6

كەنت مۇدىرى ساتتار ئۇنىڭ «بېشىنى سىلىغان»غىمۇ خېلى كۈنلەر بولدى. ئاشۇ كۈنى گېپى بولۇنغان ئانىسى بىلەن ئاتىسىنىڭ ھازىرغىچە ھېچبىر دېرىكى يوق. دېرىكى بولسىمۇ ئۆزىنىڭ نېمە دەپ، قانداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چىرايىنى ھەرقانچە قىلسىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. ئاتا ـ ئانىسى بولسا بەلكىم باشقا باللاردەك تەييار تاماققا، چىرايلىق كىيىملەرگە ئىگە بولار، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن نېمە ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ؟ سۇدا بېلىقتەك ئەركىن ئۈزەلەمدۇ؟ قانات چىقىرىپ ئاسماندا قۇشتەك ئۇچالامدۇ؟... دېگەن خىيال كاللىسىغا كېلىشىگە، ئۆزى ئولتۇرۇپ قويغان قارلىغاچ كۆز ئالدىغا كېلىپ، قارلىغاچتەك ئۇچالامدۇ؟... دېگەننى ئويلاپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇھسىندى. دېمىسىمۇ ھەرقانچە ئاتا ـ ئانا بولغاندىمۇ سۇدا بېلىقتەك ئۈزەلمەيدۇ، قارلىغاچتەك ئاسماندا پەرۋاز قىلالمايدۇ، لېكىن ھاياتلىقنىڭ، تۇرمۇشنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتلىك لەززىتىنى، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىللىق قوينىدا يايراشنىڭ ھوزۇرىنى، بۇ بىچارە بايقۇش ھېس قىلالمىغاچقا، ئاشۇنداق بىمەنە خىياللارنى قىلاتتى.

تۇرسۇن مەيلى نېمىلەرنى ئويلىمسۇن، كۈندىلىك تۇرمۇشى يەنە شۇ بىر خىل تۈز سىزىقتا، ھېچقانداق تۇسالغۇسىز داۋام قىلىۋاتاتتى. لېكىن، يېقىنقى كۈنلەردىن مەھەللىسىدىكى باللارغا ھەم ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىغا باشقىچە تەرزدە، باشقىچە تۇيغۇدا قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مۇشۇ قاراشلىرى، كۆزىتىشلىرى شۇنچىلىك يوشۇرۇن ھەم سىرلىق ئىدى. ئۇ ئاشۇ كۈنى يېزا كادىرلىرى ھەم ساتتار مۇدىر ئالدىدا دادىسىنى تۇيۇقسىز تىلغا ئالدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، بىرەرسىدىن «بىر كۈنلىرى دادامنى سورايمەن» دېگەننى، ھەتتا دادىسىنىڭ بارلىقىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. شۇ كۈنى نېمە بولدى، دادىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى. لېكىن بۇ ئۇنىڭ «ماڭا دادامنى تېپىپ بېرىڭلار!» ياكى «مەن دادامنى ئىزدەيمەن!...» دېگىنى ئەمەس، بىراق شۇنداق بىر ھادىسە يۈز بەردى، خالاس.

تۇرسۇننىڭ باللىقى، ئۆسمۈرلۈكى ئاتىسىز، ئانىسىز ئۆتتى. ئۇنىڭ شۇنداق ئۆتكىنى مەھەللىدىكى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتمىدى. ھېچكىمنىڭ

www.uyghurkitap.com

تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتمىدى. ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى. قوشنا - قولۇملار بىرەر چىنە ئىسسىق - سوغۇق تاماقنى، بىرەر - يېرىم ناننى ئۇنىڭغا بېرىشىدۇ. ھەممە ئىش ئەزەلدىن شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك، ھەركىم ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ئۆتۈپ كەلدى ھەم ئۆتۈۋاتىدۇ. بەلكىم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق ئۆتۈشى مۇمكىن. خۇددى ئۆزى كۆرمىگەن دادىسى، مىرەك... لەرنىڭ بۇ يۇرتتا نەدىن، قانداق پەيدا بولۇپ، قانداق يوقالغىنىغا ھېچكىم ئېرەنشىمىگەندەك، بىرەرسى چىش يېرىپ بىر نېمە دەپ باقمىدى. پەقەت مومىسى ئاغرىپ قالغانتى، يېقىندىلا يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ قويىدى. بۇغۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى دېسەكمۇ، تۇرسۇننىڭ يالغۇز يېتىملىقىغا مەھەللىدىكىلەردىن ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمىدى. خۇددى ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا تۆرىلىشى، كۆرىدىغان كۈننىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكى پېشانىسىگە پۈتۈلگەندەكلا، ئاشۇ قويى - ئۆچكىلىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئۆتۈۋاتاتتى. شۇنداق كۈنلەردە، تۇرسۇن ئۆزى ئەزەلدىن نورمال كېتىۋاتقان تۇرمۇش يولىغا، تاسادىپىي بىر بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. ئەسلىدە ئۆزى غۇۋا بولسىمۇ ئەسلىيەلەيدىغان ئانىسىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلغان بولسا يەنە مەيلىتى، شۇغىنىسى چىرايىنىلا ئەمەس، ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان دادىسىنىڭ گېپىنى قىلىشى، باشقىلارغىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىگىمۇ يورۇق ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك بىر ھادىسە بولۇپ تۇيۇلدى.

ئۇ مەھەللىدىكى باللارغا، ئاتا - ئانىلىرىغا يوشۇرۇن دىققەت قىلىدىغان بولدى. گاھى ئاتىلار كىچىكرەك باللىرىنى بويىنىغا مىندۇرۇۋالاتتى. سەل چوڭراقلىرىنى موتوسىكلىتلىرىنىڭ ئالدى - كەينىگە ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ غۇيۇلداپ چېپىپ يۈرۈشەتتى. گاھى باللار ئانىسىغا ئەركىلىك قىلىپ، ئۇنى ئېلىپ بەر، بۇنى ئېلىپ بەر دەپ جېدەل قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئانىلىرى يا باللىرىغا شۇ نەرسىنى ئېلىپ بېرەتتى، يا بىر نېمىلەرنى دەپ باللىرىنى بەزلەيتتى. مەكتەپتىن يانغاندىمۇ گاھى باللارنى ئاتا - ئانىلىرى بىلەن قايتسا، گاھىلىرى توپ - توپ بولۇشۇپ، قىيا - چىيا قىلىشىپ قايتىشاتتى. تۇرسۇن بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلىپ باقمىدى. ئاتىسىنىڭ بويىنىغا مىندۇرۇپ باققىنىنى بىلمەيدۇ. موتوسىكلىتقا ئولتۇرغۇزۇپ كوچا ئايلاندۇرغىنىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا ماگىزىندىن بىرەر نەرسە ئېلىپ بەرگىنىنى ئەسلىيەلمەيدۇ. تۇرۇپلا ئۇنىڭمۇ ئاشۇ باللاردەك قىلىپ باققۇسى كەلدى. دادىسى بولغان بولسىمۇ، بويىنىغا مىنەلمىسىمۇ (ھازىرغۇ چوڭ بولۇپ قالدى) موتوسىكلىتى يا تراكتورلىرى بولسا ياندىشىپ، قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ باقار بولغىيتتى. ئانىسى بولسا، ئۇنى - بۇنى ئېلىپ بەر، دەپ دومسايسا، ئانىسى ئېلىپ بېرە بولغىيتتى... ئۇ بۇ ئىشلارنى ھازىرغىچە ئويلاپ باقمىغىنىغا ھەيران قالدى. دېمىسىمۇ ھازىرغىچە ئويلىغۇدەك پۇرسەتنىڭ ھەم باش قاتۇرغۇدەك ئىشلارنىڭ سادىر بولمىغىنىدىن بولغاندى.

«ئەسلىدە ئاتا - ئانىسى بولسا ياخشىكەن جۇمۇ؟...» دېگەن خۇلاسىنى يەكۈنلىدى تۇرسۇن.

7

يازنىڭ يەنە بىر چىرايلىق سەھىرى باشلاندى. كېچىچە چۈشىدە، ھاياتىدا كۆرۈپ باقمىغان دادىسىنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەپ چىققان تۇرسۇن، چاپاق قايناپ تۇرغان كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ، سىيگىسى كېلىپ دوۋسىنىنىڭ چىڭقىلىپ كەتكىنىنى ئۇنتۇپ، ئورنىدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى...

چۈشىدە بىپايان قۇملۇقتا دادىسى ئۇنىڭ بىلەن بەكمۇ كۆڭۈللۈك قوغلىشىپ ئوينىدى. يۇمشاق قۇم ئۇلارنىڭ تېنىگە ئاجايىپ ھۇزۇر بېرەتتى. دادىسى ئېگىز بوي، قارىغان ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغىغۇدەك ناھايىتى قاملاشقان ئىدى. ئۇ تۇرسۇننى بويىنىغا مىندۇرۇۋېلىپ، قۇم دۆۋىسىنىڭ چوققىسىدىن پەسكە غۇلايتتى. بۇنداق چاغدا تۇرسۇن ئۆزىنى كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك، بۇلۇتلار يۈز - كۆزلىرىنى سۆيۈپ ئۆتۈۋاتقاندەك شادلىناتتى. ئەسلىدە دادىسى

ئۇنىڭغا بەكلا ئامراقكەن ئەمەسمۇ. نېمىشقىمۇ دادىسىنىڭ ئۆزىنى بۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلمەي يۈرگەندۇ؟... تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا قارلىغاچلار توپ - توپ ئەگىشكە باشلىدى. تۇرسۇن قارلىغاچلارغا ناھايىتى تەشۋىش ھەم ئېسەنگىرەشتە قاراپ، ھەر بىر ھەرىكەتلىرىگە نەزەر سالاتتى. بۇ ئۇماق قۇش نېمانچىلا يېقىملىق كۆرۈنىدىغاندۇر، ئادەمنىڭ بۇ چىرايلىق قۇشنى سىيلىغۇسى، سۆيگۈسىلا كېلىدىكىنا... مەن مۇشۇ قۇشتىن بىرسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغاندىمەنما؟... بۇ خىيال بىلەن تۇرسۇننىڭ بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلەشكەندەك بولۇپ يىغلىغۇسى كەلدى. دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا كۆتۈرۈلگەن قۇملۇق بورىنى «ھاپ...» قىلىپلا ئەگىپ يۈرگەن قارلىغاچلارنى يۇتۇۋېلىپلا يەنە شىپپىدە توختىدى. تۇرسۇن بۇ تاسادىپىي ھادىسىدىن نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپلا قالدى. يېنىدىكى دادىسىمۇ قارلىغاچلار بىلەن تەڭ غايىب بولغانىدى. ئۇ بىپايان قۇملۇقتا يەككە - يېگانە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇراتتى...

دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتتى. بىر تۇرۇپ كۆرگەنلىرىنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەك بولسا، بىر تۇرۇپ چۈشىدە كۆرگەن دادىسىنى ئوڭدىمۇ كۆرگۈسى كېلىپ قالدى.

— ھەي توسۇق، ياخشىمۇسەن؟... — بۇ ئاۋازدىن تۇرسۇن ئېسىگە كېلىپ ئىشىككە قارىدى.

ئىشىك ئالدىدا مىرەك، مىلىكلىرى قىپقىزىل ئاپپاق چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجاراپ تۇراتتى.

— مىرەك ئاكا، — تۇرسۇن ئۆزىنى تۇتالماي مىرەكنىڭ ئالدىغا ئېتىلدى. بۇ ئۇنىڭ ھازىرغىچە مىرەكنى تۇنجى قېتىم «ئاكا» دېيىشى ئىدى. بۇنىڭ قانداق كۈچىنىڭ تەسىرىدىن بولغانلىقىنى ھەر ئىككىلىسى ئويلىشىپ قويۇشمىدى. شۇ تاپتا ئىككىلىسىنىڭ قەلبىدە، كۆۋشمىگىلى ئۇزاق بولغان قېرىنداشلارنىڭ تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغىنىدەك ھېسسىيات كۆۋەجەيتتى. قارىماققا مىرەك بوي تارتىپ راۋۇرۇس چوڭ بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

تۇرسۇن ئىتتىك ئۇنىڭ بېشىغا قارىدى. مىرەك ياراشتۇرۇپ بادام دوپپا كىيىۋالغانىدى. بۇ تۇرقىدىن ئۇنىڭ ئەيىبىنى بىلىپ كەتكىلى بولمايتتى، دېمىسىمۇ ھازىر ئۇنىڭ ئەيىبىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ۋاقىت ئەمەستە.

— قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ — سورىدى تۇرسۇن.

— ھەئە قايتىپ كەلدىم، — دېدى مىرەك ئۆزىنىڭ چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى پەش قىلغاندەك گەۋدىسىنى سەل كېرىپ قويۇپ، قارىغاندا ئۆتكەندە تۇرسۇن بىلەن جېدەللىشىپ قالغانلىقىنى كۆڭلىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتكەندەك قىلاتتى، — ئاشپەزلىكنى ئۆگەندىم. كېلەر ھەپتىدىن باشلاپ يېزىلىق مەكتەپتە باللارغا تاماق ئېتىشنى باشلايمەن.

— تاماق ئېتىشنى ئۆگەندىڭما؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى تۇرسۇن.

— ۋاي ھەممە تاماقنى ئېتىشنى ئۆگەندىم دېگىنە، بۇنىڭدىن كېيىن سەنمۇ مەكتەپكە بېرىپ مەن ئەتكەن تاماقلارنى يەيسەن، — دېدى مىرەك خۇددى ئۆز ئاكىسىدەك مېھرى بىلەن.

— مەن ئوقۇمىسام مەكتەپتىكى تاماقنى قانداق يەيمەن؟ — تەئەججۈپتە سورىدى تۇرسۇن، بىرسى ھازىرلا ئۇنى مەكتەپ ئاشخانىسىدىن قوغلاپ چىقىرىدىغاندەك.

— ۋاي قورقمىغىنا، چۆمۈچ مېنىڭ قولۇمدا بولغاندىكىن ساڭا بىر قاچا ئاش بار توسۇق، — دېدى مىرەك باللىق چېغىدىن قالغان ئادىتى بويىچە، قولىنىڭ دۈمبىسىدە بۇرنىنى ئېتىپ، — مەن ئەتكەن تاماقنى بىرلا يېسەڭ ئېغىزىڭدا قالىدۇ، ئۇستاملارنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېگەن.

«ھەي قاندا بولا سەن مەينەتنىڭ...» دېگەننى كاللىسىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ئاغزىدىن چىقارمىدى تۇرسۇن. شۇنداقتىمۇ مىرەكنىڭ ئۆمرىدە پىياز ئاقلاپ باقمىغان تۇرۇپ، ئاشپەزلىكنى ئۆگىنىپ كەلگىنىگە سەل ھەيران قالدى.

— ئانامنىڭ مىجەزى يوق دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟ — سورىدى مىرەك تۇرسۇننىڭ مومىسىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ھەئە، ئاغرىپ قالغان، شەھەرگە دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىشتى، — دېدى تۇرسۇن پەرۋاسىزلا.

— سەن كۆرگىلى بارمىدىڭما؟ — سورىدى مىرەك.

— ياق، بارمىدىم، — دېدى تۇرسۇن.

— مەن بېرىپ كۆرۈپ كېلەي، سەنمۇ بىللە بارامسەن؟ — يەنە سورىدى مىرەك.

— بولدىلا ئۆزۈڭ بېرىپ كېلە، مەن ماللارغا قاراپ تۇراي، — دېدى تۇرسۇن، بارسىلا مومىسى ئېسىلشۇالىدىغاندەك ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— بوپتۇ بارمىساڭ، مەن بېرىپ كېلەي، — مىرەك «باشقا گەپ يوق» دېگەندەك قولنى شىلتىپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. تۇرسۇن ئۇنىڭ ئالدىراپ مېڭىشلىرىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ چۈشەنمىگەن بىر ھالەتتە بېشىنى چايقاپ قويدى.

دېگەندەك ئىككىنچى ھەپتىسى مىرەك يېزىلىق مەكتەپنىڭ ئاشخانىسىدا، ئۆيى يىراق چۈشتە كېتەلمەيدىغان باللارغا بىر ۋاق تاماق ئېتىپ بېرىدىغان بولدى. بۇ چاغدا تۇرسۇن، مەكتەپتىكى باللاردىن تارتىنىپمۇ ياكى قاپىقى يامان مۇئەللىملەردىن قورقۇپمۇ مىرەكنىڭ يېنىغا كىرەلمىدى. دەسلەپتە مىرەكمۇ ئۇنى مەكتەپ ئاشخانىسىغا ئەكىرەلمەي ئۆزى ئەتكەن تاماقلاردىن ئېلىپ چىقىپ بەردى. تاماق ھەقىقەتەن ئوخشىغانىدى. راستىنلا مىرەكنىڭ قولىنىڭ تەمى باركەن. كېيىنكى كۈنلەردە مىرەك، تۇرسۇننى سۇ توشۇپ بەر، كۆكتات ئاقلاپ بەر... دېگەنلەرنى باھانە قىلىپ يېنىغا ئاستا - ئاستا كۆندۈردى. تۇرسۇنمۇ جاغىل ئۆچكىسىنى ئوغلىقى بىلەن قېرى ساغلىقىقا قوشۇپ، ئېتىز بويىغا يۇگۈرمەيدىغان بولدى. ھازىر مىرەك مەكتەپ ئاجرىتىپ بەرگەن بىر ئېغىزلىق ئۆيدە تۇراتتى. تۇرسۇنمۇ ماللىرىنى ئەتىگەندە ئېلىپ كېلىپ، مەكتەپ كەينىدىكى توقايلىقتا قويۇپ بېرىپ مىرەكنىڭ يېنىغا چاپىدىغان بولۇۋالدى. قارىغاندا مىرەك شەھەردە ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرۈپ كەپتۇ (ئۇ ئەسلىدىنمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى بىلەتتى، بۇ قېتىم تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى كۆرۈپتۇ).

تۇرسۇن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئامراق بولۇپ قالدى. بەزى چەكتىن ئاشقان لاۋزا گەپلىرىگىمۇ بۇرۇنقىدەك «موماڭغا دەيمەن...» دەپ پوپوزا قىلماي ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان بولدى. مىرەكمۇ ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايدىغان قۇلاق موللىسىدىن بىرنى تاپقىنىغا خۇشال، بىرگە ئۇنى قوشۇپ، قولى ئىشتا، ئاغزى گەپتە سۆزلەپلا كۈن ئۆتكۈزەتتى. تۇرسۇنمۇ قورسىقىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولغىنىدىن خۇش بولۇپ، نېمە دېسەڭ دېمەمسەن، دەپ ئاڭلاپ ئولتۇرىدىغان بولدى.

تۇرسۇن گاھى كۈنلىرى مىرەكنىڭ زورلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالاتتى. ئىلگىرى ئامبار قىلىنغان بۇ بىر ئېغىز ئۆيىنى، ئاندا - مۇندا تۈزەشتۈرۈپلا ئۆي دېگەن ئاتاققا ئېرىشتۈرگەن مىرەك، مەكتەپتىن بەرگەنمۇ يا ئىلگىرىكى ھۈنىرىنى ئىشقا سالدىمۇ، يەكپاي چىنە - قاچىلار، داس - چېلەك، ئۈستەل - ئورۇندۇقلار بىلەن خېلى ئىسكەتكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. ئېگىز - پەس تاختايلارنى قۇراشتۇرۇپ ياسىۋالغان، ئۆينىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن كات، ياتقان ئادەمگە خېلىلا ئازادىلىك بېرەتتى. كونىلارنىڭ «ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ بولسۇن» دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك، تۇرسۇننىڭ بۇ ئۆيگە مېھرى چۈشۈپ قالدى.

مىرەك ئەسلىدىن شۇنداق كۆپ سۆزلۈك بولغىيمىتى، يا شەھەرگە كىرىپ ھۈنەرگە قوشۇپ گەپ قىلىشنى ئۆگىنىپ كەلدىمۇ، كۈندۈزلا ئەمەس، كېچىلىرى ئۇخلاۋېتىپمۇ جۆيلۈپ بىر نەرسىلەرنى دەيتتى. تۇرسۇن بۇلار بىلەن پەرۋايى پەلەك، ھە، دەپ قويۇپ ئۆزى بىلگىنىنى قىلىپ يۈرۈۋېرەتتى.

بۈگۈنمۇ تۇرسۇن مىرەكنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. مىرەك يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئاغزى بېسىقماي سۆزلەيتتى. مىرەك نېمىلەرنى دەۋاتقان بولغىيتتى، تۇرسۇن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا مىرەكنىڭ خىيالدا يوق سوئالدىن بىرنى سورىدى.

— مەرەك، — تۇرسۇن ئاشۇ كۈنى مەرەك شەھەردىن كەلگەندە ھاياجانلىنىپ كېتىپ «مەرەك ئاكا» دېگەندىن بولەك ئۇنى قايتا «ئاكا» دېمەي يەنىلا بۇرۇنقىدەك چاقىراتتى، — سەن دادامنى كۆرۈپ باققانما؟

— نېمە؟ — مەرەكنىڭ كۆزلىرى چەكچىرەپ كەتتى، — سېنىڭ داداڭ بارمىتى... ھە راست، داداڭ بولۇشى كېرەكتىغۇ، مەن... مەن داداڭنى كۆرۈپ باقمىغان جۇمۇ.

تۇرسۇننىڭ ئۇمىدكە تولغان كۆڭلى لاسسىدە بولۇپ قالدى.

— داداڭنى باشقىلاردىن سوراپ باقمىدىڭما؟ — مەرەك بۇ ئىشنى ئەمدى ھېس قىلغاندەك تۇرسۇنغا باشقىچە نەرزەدە قاراشقا باشلىدى، — ئاپاڭدىن، ھە راست ئاپاڭ يوق. موماڭدىن، يا قوشنىلاردىن.

— ياق، ھېچكىمدىن سورىمىدىم، — دېدى تۇرسۇن ئېغىر ئۇھسىنىپ. نېمىشقىدۇر ئۆتكەندە ساتتار مۇدىرلاردىن دادىسىنى سورىغىنىنى مەرەككە دېگۈسى كەلمىدى.

مەرەك شۇندىلا نەچچە ۋاقىتتىن، خىيالغا كىرىپ چىقمىغان بۇ ئىشنىڭ، تۇرۇپلا تۇرسۇننىڭ كاللىسىدا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا ھەيران بولاتتى. «راستتە، توسۇقنىڭ دادىسى بولۇشى كېرەكتىغۇ، ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىغۇ كىچىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن (بىر زاماندا تاغىسى شۇنداق دېگەن، ھازىر ئۇ تاغىسىمۇ بارمۇ - يوق، بىلمەيدۇ). ئەمدى توسۇقنىڭ دادىسىنىڭ بولۇشقا كەلسەك، چوقۇم بولۇشى كېرەكتىغۇ؟...»

مەرەكنىڭ كاللىسىغىمۇ تۈرلۈك - تۈمەن خىياللار بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ ئايىغى چىقمايۋاتاتتى. ئۇ شۇنداق گاراڭلىق ئىچىدە ئۆزىنى تاپالماي يۈرگەننىڭ ئۈستىگە تۇرسۇن يەنە بىر ئالتاغىل سوئال سورىدى.

— مەرەك قارلىغاچ يەنە قايتىپ كېلەرمۇ؟

مەرەك دەماللىققا ئاڭقىرالماي ئۇنىڭغا قاراپ بىر نەچچە دەقىقە تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، قاداق بېسىپ كەتكەن ئالقىنىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە قويدى.

— ئەقلىڭ جايىدىمۇ سېنىڭ، نېمە ئالجوقا سۆزلەپ ئولتۇرسەن؟ — مەرەك شۇنداق دەپ ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى.

— راست گەپ قىلە مەرەك، قارلىغاچ يەنە قايتىپ كېلەمدۇ؟ — ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرگىدەك رەۋىشتە يەنە سورىدى تۇرسۇن.

— كېلىدۇ، كەلمەي نەگە بارىتتى؟ — دېدى مەرەك. «بۇ بىچارە يېتىمەك ئەقلىدىن ئېزىشقا باشلىدىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلىغان مەرەك، ئەمدى تۇرسۇندىن سەل ئەنسىرەپ قىلۋاتاتتى.

— ئاشۇ چاغدا مەن قارلىغاچ ئۆلتۈرگەندىن باشلاپ، مەھەللىمىزگە قارلىغاچ قايتا كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن داداممۇ، ئاپامۇ، موماممۇ كەتتى. باشقىلار، سەن قارلىغاچ ئۆلتۈرگەچكە مەھەللىمىزگە قارلىغاچ كەلمەيدۇ، قارلىغاچ كەلمىگەندىكىن ئاپاڭ - داداڭمۇ... ئىشقىلىپ كەتكەنلەر كەلمەيدۇ، دېگەن...

— ھە... — مەرەك ئەمدى بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدى، — كىچىككىنە تۇرۇپ بەڭگىنىڭ خىيالىنى قىلدىغان بالىكەنسەن، قارلىغاچنىڭ كېلىش - كەلمەسلىكى بىلەن ئاپاڭ - داداڭنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى؟ كېلىدۇ. قۇش دېگەنمۇ ئادەمگە ئوخشاش رىزقى نەگە چېچىلسا شۇ يەرگە بارىدۇ. ئەتە - ئۆگۈن باشقا يەردىن يەيدىغان نەرسە تاپالمىسا يەنە كېلىدۇ.

— نەچچە يىل بولدى قارلىغاچ مەھەللىمىزگە كەلمىدى، شۇڭا...

— مەھەللىمىزگە قارلىغاچنىڭ كەلمىگىنىگە مەن دىققەت قىلماپتىمەن. بۇنىڭغا مەنمۇ بىر نېمە دېيەلمەيمەن. بىزنىڭ مەكتەپتە مەخسۇس مۇشۇ ئۇچار قۇش، ھايۋاناتلارنىڭ دەرسىنى ئۆتىدىغان بىر مۇئەللىم بار، ئەتە سېنى يېنىغا ئاپىرىپ سوراپ بېرەي، شۇ مۇئەللىم نېمە دەيدىكىن ئاڭلاپ باقايلى، — مەرەك شۇنداق دەپ گەپنى يىغىشتۇردى.

— ئەرشى بوۋامنىڭ كوزىسىدىكى پۇلنى سەن ئېلىۋالغان - ھە؟ — تۇيۇقسىز تۇرسۇن يەنە سورىدى، — ئەرشى بوۋام سېنىڭ قىلغىنىڭغا چىدىماي ئۆلۈپ كەتتى.

— يوق گەپنى قىلمىغىنە، — بۇ گەپنى ئاڭلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەندىكتى مىرەك، ــــ ئەرشى بوۋاينىڭ پۇلنى مېنىڭ ئالغىنىمنى سەن قانداق بىلسەن؟

ــــ سەن ئالمىساڭ ھېچكىم ئالمايدۇ، ــــ دېدى تۇرسۇن تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، ــــ ئۇنىڭ پۇلنى سەن ئېلىۋالغانلىقىڭ، ئۇمۇ ئۆلۈپ كەتتى.

ــــ ئۇنداق ئەمەس، سەن قارلىغاچنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىڭ، مەھەللىمىزگە قارلىغاچ كەلمىگەچكە ئەرشى بوۋايمۇ كەتتى، ــــ مىرەك، تۇرسۇننىڭ كۆڭلىدىكى ئەڭ ئازابلىق خىيالنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئەقىللىق، يەنە كېلىپ ناھايىتى ئەقىللىق ئىدى. شۇنداق دەپ، گۇناھنى تۇرسۇنغا ئارتىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئاقلىمىسا، ھېلىقى چاغدىكى ئېتىز قىرىدا يېگەن دۇمباسى ھېلىھەم ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى. بۇ گەپ بىلەن تۇرسۇن شۈكلىشىپلا كەتتى. ھەممىگە ئۆزى سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى، ئاغزىدا دېمىگىنى بىلەن كۆڭلىدە بوينىغا ئالدى.

ــــ بولدى ئۇخلايلى توسۇق، ــــ دەپ گېپىنى يىغىشتۇردى مىرەك يالغاندىن ئەسنىگەن بولۇپ، ــــ ئەتە سېنى مەكتەپكە ئېلىپ بېرىپ ھېلىقى ھايۋاناتلارنى چۈشىنىدىغان مۇئەللىمگە كۆرۈشتۈرەي، قارلىغاچنىڭ نېمىشقا كەلمەيدىغانلىقىنى شۇ ساڭا چۈشەندۈرۈپ قويسۇن.

8

2 ـ كۈنى مىرەك، تۇرسۇننى بىيولوگىيە دەرسى ئۆتىدىغان مەخەت مۇئەللىمنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى.

ــــ مۇئەللىم، بۇ مېنىڭ ئىنىم توسۇق، ــــ تونۇشتۇردى مىرەك.

ــــ ھە، بىلىمەن، بىلىمەن... ــــ دېدى مەخەت مۇئەللىم تۇرسۇننىڭ بېشىنى سىلاپ.

ــــ مۇئەللىم، بۇ ئۇكامغا قارلىغاچنىڭ نېمىشقا مەھەللىمىزگە كەلمەيۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ، ــــ دېدى مىرەك تۇرسۇننى ئىما قىلىپ.

مۇئەللىم دەماللىققا ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ، تېزلا ئېسىگە كېلىپ، كەسپىي ئادىتى بويىچە ئېزىپ ئېچۈرۈشكە باشلىدى.

ــــ قارلىغاچ بىر خىل پەسىل قۇشى. ئادەتتە ئىسسىق بەلباغدا ياشايدۇ. ئەتىيازدا بۇ تەرەپكە كېلىپ، كۈزدە جەنۇپقا كېتىپ قىشنى ئاشۇ جايلاردا ئۆتكۈزىدۇ. قارلىغاچ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىپ، ئىنسانلارنىڭ زىرائەتتىن ھوسۇل ئېلىشىغا ياردەم قىلىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار قارلىغاچلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئايۋان ـ پېشايۋانلىرىغا ئۇۋا سېلىشىنى، شۇنداقلا ئۆزلىرى بىلەن بىللە ياشاپ ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا قارلىغاچلار ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ قوغدىشىغا، ئاسرىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن...

ــــ ئۇزاق بولدى قارلىغاچ مەھەللىمىزگە كەلمىدىغۇ؟ ــــ سورىدى تۇرسۇن بۇ ئىشقا ئۆزىنىڭ سەۋەبچى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك.

ــــ ھە، بۇنىڭ سەۋەبلىرى نۇرغۇن، ــــ دېدى مۇئەللىم ئۆزى ئېيتماقچى بولغان سەۋەبلەرنى ئەتراپىدىن ئىزدىمەكچى بولغاندەك، يىراق ـ يېقىنغا قاراپ قويۇپ، ــــ ھازىر يەر شارىدا ئېكولوگىيە ئىنسانلار تەرىپىدىن كۈندىن ـ كۈنگە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، نۇرغۇنلىغان ھايۋانلارنىڭ، ئۇچار قۇش، دېڭىز جانلىقلىرىنىڭ نەسلى قۇرۇش گىردابىغا بېرىۋاتىدۇ. نۇرغۇن كۆللەر قۇرۇپ كېتىش، تەبىئىي ئورمانلار يوقىلىش، يايلاقلار قۇملۇقلىشىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئاپەتلەرنى ئىنسانلار ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. ئەمدى قارلىغاچلارنىڭ يۇرتىمىزغا كەلمەسلىكىدىكى سەۋەبنىمۇ بۇنىڭدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. قاراڭلار ئاۋۇ قۇملۇقلار، بەش يىلنىڭ ئالدىدا نەدىتى؟ ھازىر سۈرۈلۈپ نەگە كەپتۇ؟ يەنە بەش يىلدىن كېيىن نەگە بارىدۇ؟ بۇلارنى ئويلاشمىساق بولمايدۇ. ئەسلىدە نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئاشۇ قۇملۇقنى تىزگىنلەپ، جايىدىن مىدىرلاتماي تۇرغان، توغراق ـ يۇلغۇنلارنى بىز ئېلىپ كېلىپ قالاپ تۈگەتتۇق. ئۆزىنى مىدىرلاتماي تۇرغان كۈشەندىسىدىن قۇتۇلغان قۇملۇق قانداق قىلىدۇ؟ ئەركىن ـ ئازادە ھالدا بىز ئىنسانلارغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ. ئۇچار قۇشلارچۇ، جۈملىدىن قارلىغاچلارچۇ؟...

مىرەك بىلەن تۇرسۇن، ئىنغىرراق نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالماي مەخەت مۇئەللىمنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشاتتى. مۇئەللىم، سۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ قانچىلىك چۈشىنىپ، قانچىلىك ھەزىم قىلالىغانلىقى بىلەن پەرۋايى پەلەك، خۇددى دەرسخانىدا لېكسىيە سۆزلىگەندەك ئېزىپ ئىچۈرۈۋاتاتتى.

— ئەمدى قارلىغاچلارغا كەلسەك، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى مۇئەللىم، ئالدىدىكى قۇلىقى يۇمشاق، ئىخلاسمەن ئوقۇغۇچىلىرىغا قاراپ قوللىرىنى ھاۋادا شىلتىپ، — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ بىرى. بايام سىز دېدىڭىز، نۇرغۇن يىللار بولدى، قارلىغاچ يۇرتىمىزغا كەلمىدى دەپ، توغرا، كەلمىدى، كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىنسانلار، ئېتىز - باغلىرىغا دېھقانچىلىق دورىلىرىنى توننىلاپ چېچىۋاتسا، ئۇ خىمىيەۋى دورىلارنىڭ تەسىرىدىن ئەلۋەتتە زىيانداش ھاشاراتلار بولمايدۇ - دە. بىلسەڭلار ئاشۇ دورىلار، ھاشاراتلارغىلا ئەمەس، ئادەملەرگىمۇ ناھايىتى زىيانلىق. «ئۇمچى يوق مازاردىن شەيخ قېچىپتۇ» دېگەندەك قارلىغاچلار كەلسىمۇ بۇ يەردە ئوزۇقلانغۇدەك قۇرت - قوڭغۇز، پاشا - كۇمۇتا دېگەندەك ھاشاراتلار بولمىسا نېمىدە جان باقىدۇ. شۇڭا ئۇلارمۇ نەسلى قالدۇرۇش، ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن، بىزدىن يىراقلاپ، ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق جايلاردا ياشايدۇ. ھەم... ھازىرمۇ قارلىغاچلار ھەر يىلى كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ، لېكىن، ئىلگىرىكى يىللاردىكىدەك بۇ يەردە ئۇۋا ياساپ، بالا چىقىرىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلمايۋاتىدۇ، يا بىز دىققەت قىلمىدۇقمۇ بىلمىدىم. قانداق، چۈشەندىڭلارمۇ؟

— چۈشەندۇق... — دېيىشتى مىرەك بىلەن تۇرسۇن، مەخەت مۇئەللىمنىڭ ئەمەلىي دەرسىدىن خېلى چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ.

— مۇئەللىم، ئەمدى قارلىغاچ مەھەللىمىزگە كەلمەمدا؟ — دەپ قورقۇمسىراپ سورىدى تۇرسۇن. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن «قارلىغاچ كەلمىسە، ئاپام - دادامىلارمۇ كەلمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟...» دېگەن قورقۇنچلۇق ئىپادە چىقىپ تۇراتتى.

— دۇنيادا مەڭگۈلۈك ئىش بولمايدۇ، — دەپ سۆزىنى يەنە باشلىدى مەخەت مۇئەللىم، يانچۇقىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن قول ياغلىقنى ئېلىپ تەرلىرىنى بىر قۇر سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن، — ھازىر ھۆكۈمىتىمىز ئېكولوگىيەنى قوغداشنى چىڭ تۇتۇپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈۋاتىدۇ، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى چەكلەۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداقلا ماڭسا، ئۇزاققا بارماي بىزنىڭ بۇ يەرمۇ بۇرۇنقى ئەسلىگە كېلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇچار قۇشلارمۇ، جۈملىدىن قارلىغاچمۇ يەنە قايتىپ كېلەر...

مۇئەللىمنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى تۇرسۇنغا تېتىمىدى. قارلىغاچنىڭ كېلىش - كەلمەسلىكىگە مۇئەللىممۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىدى. ئاخىرىدا «كېلەر - ئېتەر...» دېگەندەك تۇتامى يوق گەپلەرنى قىلىپ ئۇنى بىزار قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ماللىرىغا قاراشنى باھانە قىلىپ، بۇ يەردىن غىپپىدە كەتتى.

9

كۈنلەر ئۆتمەكتە، بىر كۈنى ساتتار مۇدىر تۇرسۇننى ئىزدەپ كەلدى.

— داداڭ بىلەن ئالاقىلەشتۇق، قولىدىكى ئىشلىرىنى بېسىقتۇرۇپ پات يېقىندا كېلىدىغان بولدى. ئاپاڭ ئەجەب كېلەلمەيدۇيا؟... — تۇرسۇن ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىپادىسىز قاراپلا تۇردى، — گەپلىرىمنى چۈشەندىڭما دەلتە شۇم...

ساتتار مۇدىر تۇرسۇننىڭ تۇرقىغا قاراپ ئىچى سىقىلىپ قوڭغا بىرنى تەپتى.

— ھەم... — تۇرسۇن دىمىقىنى قېقىپ قويۇپ بېشىنى سالغىنچە كېتىپ قالدى. بۇنىڭغىمۇ بىر نەچچە كۈن بولدى. نە دادىسى، نە ئاپىسىدىن خەۋەر يوق.

تۇرسۇن ھازىرمۇ «قارلىغاچ قايتىپ كېلەمدۇ؟...» دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپالماي، ئۇۋۇسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چۈمۈلىدەك تېپىرلاپ يۈرگىنى يۈرگەن ئىدى.

بۈگۈن قاش قارايغاندا، تۇرسۇن مەھەللىنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، قوشنىسى ھاشىماخۇن دادىسىنىڭ شوتىغا چىقىۋېلىپ پېشايۋاندا بىر ئىشلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئاستا كېلىپ، ھاشىماخۇن دادىسىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ تۇردى. ھاشىماخۇن يۇمشاق ئوت ـ سامان ھەم توخۇ پەيلىرىدە بىر ئىشلارنى قىلىۋاتاتتى. بىر ھازادىن كېيىن ھاشىماخۇن پەستە قاراپ تۇرغان تۇرسۇنغا دىققەت قىلدى.

ـــ ھە بالام، بۇ قېرى قىلىدىغان ئىشى يوق، نېمىلەرنى قىلىپ كېتىۋاتىدۇكى دەپ قېلىۋاتامسەن؟ ـــ تۇرسۇن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاب بەرمەي، پارقىراپ قاراپ تۇرۇۋەردى. بوۋايمۇ بىر تەرەپتىن ئىشىنى قىلغاچ گېپىنى داۋاملاشتۇراتتى، ـــ قارلىغاچقا ئۇۋا ياساۋاتىمەن. قارا بالام، بۇ قارلىغاچ دېگەن جانىۋار بىز ئادەملەردىنمۇ ئەقىللىق. بۇ يىل تۇرغان ئۇۋىسىدا 2 ـ يىلمۇ ئازغاشماي كېلىپ يەنە بالا چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ياسىغان ئۇۋىسى شۇنچىلىك پۇختا ئىكەنكى، مۇشۇ يەردىن يەرگە چۈشۈپ كەتسىمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ. شۇغىنىسى نەچچە يىل بولدى، بۇ جانىۋار بىزگە قارىسىنى كۆرسەتمىدى، بۇ ئۇۋىسىنى ئوڭشاپ قويسام، بىر كۈنلىرى كېلىپ يەنە كونا ماكانىمكەن دەپ جايلىشىپ قالارمىكىن دەيمەنغۇ...

تۇرسۇن ئاستا كەينىگە ئۆرۈلۈپ ھويلىدىن چىقىپ كەتتى. ھاشىماخۇن دادىسىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا تۇرۇپلا تەسىر قىلدى. قارلىغاچقا ئۇۋا ياساپ قويسا، قارلىغاچنىڭ قايتا كېلىشىنى نېمشقا ئويلىمىدى؟ ئۆزىمۇ ئۆيىگە ئاشۇنداق ئۇۋىلاردىن بىر نەچچىنى ياساپ قويغان بولسا، بەلكىم بۇ چاققىچە قارلىغاچلار كېلىپ قالار بولغىيتى؟!...

شۇ كېچىسى تۇرسۇن، قارلىغاچلارغا ئۇۋا ياساپ چۈش كۆردى. ئۇ ياسىغان ئۇۋىلارغا ناھايىتى نۇرغۇن قارلىغاچ كېلىپ ئورۇنلاشتى. باللىرى ۋىچىرلاپ، ئاغزىلىرىنى يوغان ئېچىشقانچە ئانىلىرىغا سوزاتتى... تۇرسۇن بۇ ئۇماق قۇشلارنىڭ، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ئۇۋا ياساپ بېرىشىنى كۈتۈپ، ھازىرغىچە كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ ناھايىتى خورسىندى. تۇيۇقسىز ئۇ ئۆزىنىڭمۇ قارلىغاچلار قاتارىدا تۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ قارلىغاچلاردەك پەرۋاز قىلالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

قاناتلىرىنى يېيىپ باقتى. ياپىسمان كېرىلگەن يۇمران ھەم نەپىس قاناتلىرى، قۇياش نۇرىدا كىرىستالدەك سۈزۈك كۆرۈنەتتى. پەيلىرىدىكى قىلدام تومۇردەك تالالار شۇنچىلىك روشەن كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇ قاناتلىرىنى ئاستا قېقىپ باقتى. ئاجايىپ جەزبىدار بىر ئۇننى، يەنى، ئاسماندىن زېمىنغا سىرغىغان نۇرنىڭ گۈل ـ گىياھلارنىڭ لېۋىگە سۆيگەندە چىققاندەك تىۋىش ئاڭلاندى. بۇ سېھىرلىك ھەم خىسلەتلىك سادانى پەقەت تۇرسۇنلا ئاڭلىيالاش كارامىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۆلەك ھەرقانداق جانلىق بۇ قۇدرەتكە ئېرىشەلمەيتتى. ئۇ قارلىغاچلارنىڭ قاتارىدا كۆككە ئۆرلىدى. شىشىدەك سۈزۈك ئاسمان ئۇنى قوينىغا ئېلىپ پەرۋاز قىلدۇراتتى. ئالتۇن رەڭ نۇر دەستىلىرى ئۇنىڭ قاناتلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، كۆكتە پەرۋاز قىلىشىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرەتتى. بىر چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاسماننىڭ قەھرىگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئەتراپىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە قوغلىشىپ ئوينىغان قارلىغاچلار كۆرۈنمەيتتى. ئۇ پەسكە قايتىپ چۈشۈشكە ئۇرۇنغانسېرى تېخىمۇ ئېگىزگە ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى...

تۇرسۇن ئەتىسى قاق سەھەردە مىرەكنى ئىزدەپ كەلدى. ھازىر مىرەكلا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى ئىدى. مەھەللىدىكى تەڭتۇشلىرى بىلەن ئوينىمايتتى. باشقا بالىلارمۇ ئۇنى يات كۆرگەندەك قىلىپ، ئۇنى ئارىغا ئېلىپ كېتىشمەيتتى. مىرەك ھۈنەر ئۆگەنگىلى كەتكەندە ئۆزىنى باشقىلاردىن ئېلىپ قېچىپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزگەندى. مانا ھازىر مىرەك كەلدى، ئۇمۇ مىرەككە بۇرۇنقىدەك ئۆچمەنلىك كۆزىدە قارىماي، ئەڭ يېقىن ئادىمى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى مۇشۇ مىرەك ئىدى. مىرەكمۇ بۇرۇنقىدەك ئالقاپلىق، ساپساپچىلىق، قىزىلكۆزلۈك... دېگەندەك ئىللەتلىرىنى نەلەرگىدۇر يىغىشتۇرۇپ، مەكتەپتىكى بالىلارنىڭ تامىقىنى تۇجۇپلەپ ئېتىپ بېرىدىغان، مەكتەپتىكى بالىلارمۇ، مەھەللىدىكى چوڭلارمۇ «ۋاي مىرەك... مىرەك ئاكا...» دېيىشىپ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان مەنزىرە شەكىللەنگەندى. مىرەك تۇيۇقسىزلا پەيدا

بولغان تۇرسۇننى كۆرۈپ، نېمىشقا كەلگەنلىكىگىمۇ ھەيران بولمىدى.

— قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ — سورىدى مىرەك تۇرسۇنغا قاراپ.

— ياق... — تۇرسۇن سوغلا جاۋاب بەردى.

— قويلىرىڭچۇ؟

— قوتاندا.

— ئېتىزغا ئېلىپ چىقمىدىڭما؟

— ھېلى ئېلىپ چىقىمەن.

— ماڭا دەيدىغان گېپىڭ بارمىتى؟

— ماڭا قارلىغاچ ئۇۋىسى ياساپ بېرە.

مىرەك تۇرسۇننىڭ گەپلىرىدىن ھەيران بولدى، مۇشۇ كۈنلەردە بۇ تەنتەك ھەقىقەتەن ئالىتاغىل گەپ قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

— نېمە دەيدۇ بۇ ئەمدى، — دېدى مىرەك ئەتراپىغا بىر قۇر قارىۋېتىپ يەنە ئالدىدا گۆشىيىپ تۇرغان تۇرسۇنغا قاراپ، — بىرسى ساڭا قارلىغاچقا ئۇۋا ياساپ بەر دېدىما؟

— ياساپ بېرەمسەن، بەرمەمسەن؟ — جەھلى بىلەن قايتۇرۇپ سورىدى تۇرسۇن.

— مەن يا قارلىغاچقا ئۇۋا ياساپ باقمىسام قانداق ياسايمەن؟ — مىرەك شۇنداق دەپ، يېنىدىكى ئېگىز تېرەك ئۇچىدىكى قۇش ئۇۋىسىنى كۆرۈپ قالدى، — قارا، ئاۋۇ دەرەخ ئۇچىدىكى ئۇۋىنى. ئاشۇنى ئېلىپ چۈشۈپ بېرەيما؟

مىرەك بۇ گەپنى راست قىلدىمۇ، يا تۇرسۇننى مازاق قىلىپ دېدىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. تۇرسۇن مىرەك كۆرسەتكەن دەرەخنىڭ ئۇچىدىكى، قايسى قۇشنىڭ چاڭگىسى بولغىيتتى، سىپتا ئۇۋىغا سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى. شۇ چاغدا مەكتەپ ئاشخانىسىدىن بىرەيلەن مىرەكنى چاقىردى. مىرەك تۇرسۇنغا گەپمۇ قىلماي ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. تۇرسۇن جايىدا، دەرەخكە قاراپ تۇرۇپلا قالغانىدى.

مەكتەپنىڭ ئاشخانىسىدا مىرەك يەنە بىر ياردەمچى ئايال بىلەن جىددىي تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى. مەكتەپ قوڭغۇرىقى چېلىنىشى بىلەن، قورساق جېڭى ئاتاكىسىغا ئۆتكەن كىچىك ئەزىمەتلەرنىڭ ئالدىغا يەيدىغىنىنى تەييار قىلىپ ساقلاپ تۇرمىسا، قاچا-قوشۇقلىرىنى تاراڭشىتىپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئۇچاق قىلىۋېتەتتى. شۇ جىددىيچىلىكتە قولى-قولىغا تەگمەي ئالدىراش تېپىرلاپ يۈرگەن مىرەكنىڭ قۇلىقىغا، مەكتەپ ھويلىسىدىكى بالىلارنىڭ چۇقىراشقان ئاۋازلىرى كىردى.

«كۈندە بۇ چاقىچە يەيدىغىنىنى چىنىلىرىگە ئېلىپ، ئىشتەي ھۇجۇمىنى باشلايدىغان تەنتەكلەر، بۈگۈن ئەجەب كىرىشمىدىيا...» شۇ خىيالنى قىلغان مىرەك، ئاستا مەكتەپ ھويلىسىغا چىقتى. كۆردىكى، بالىلار يول بويىدىكى تېرەك ئاستىغا توپلىشىۋېلىپ، دەرەخ ئۇچىنى كۆرسىتىشىپ چۇرقىرىشىپ تۇرۇشاتتى. مىرەكنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى، ئۇ ئالدىدىكى پەرتۇقنى قولىغا ئالغانچە بالىلار قاتارىغا قاراپ يۈگۈردى.

تۇرسۇن ئېگىز تېرەك ئاستىدا تەنها تۇراتتى. بايام مىرەك مۇشۇ تېرەك ئۇچىدىكى قۇش ئۇۋىسىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ «ئېلىپ بېرەيما؟...» دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى. تۇرسۇن مىرەك كەتكەندىن كېيىن تېرەك بېشىغا قارىدى. شۇنچىلىك سىپتا ھەم كۆركەم قۇش ئۇۋىسى ئۇنىڭغا قاراپ جىلۋە قىلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا كۆكتىن، ياق قۇش ئۇۋىسىدىن ئاڭلانغان تولىمۇ يېقىملىق بىر سادا كىردى.

— بالام، ئاشۇ ئۇۋىنى ئېلىپ چۈشۈپ، ئۆيىمىزنىڭ تورۇسىغا جايلاشتۇرۇپ قويساڭ، قارلىغاچلار قايتىپ كېلەتتى، — بۇ بىر ئاڭلىماققا مومىسىنىڭ، بىر ئاڭلىماققا ئاپىسىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتەتتى، لېكىن كىمنىڭلىكىنى ئاڭقىرالمىدى.

— قارلىغاچ قايتىپ كەلسە، ئاپام-دادامىلارمۇ قايتىپ كېلەمدۇ؟

— قايتىپ كېلىدۇ بالام، ھەممىسى قايتىپ كېلىدۇ، كەلمىسە سەن ئۇلارنىڭ يېنىغا بارىسەن...

— ماقۇل، مەن ھازىرلا ئاشۇ قۇش ئۇۋىسىنى ئېلىپ چۈشەي...

تۇرسۇن شۇنداق دەپلا، پۇتىدىكى ئىسكەتىدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قالغان كەشنى سېلىپ تاشلاپ، يالاڭ ئاياغ تېرەككە ياماشتى. ئۇ دەرەخنى تۇتۇشقا ئۈستىدىن تولىمۇ كۈچلۈك بىر قول ئۇنى يۇقىرىغا تارتتى. كۈچمەيلا كۆككە ئۆرلەشكە باشلىدى. تۇرسۇن يۇقىرى ئۆرلىگەنچە، ئاخشام چۈشىدە كۆرگەن قارلىغاچنىڭكىدەك قاناتلىرىنىڭ يەنە پەيدا بولغانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. بۈگۈن قاناتلىرى ئالتۇن رەڭدە ئىدى. قۇياش نۇرىدا پەيلىرىمۇ ئالتۇن ياپراقچىلىرىدەك جۇلالىنىتتى. شۇ تاپتا ئۇ، دەرەخ غولىنى ئالقانلىرى بىلەن تۇتماستىن، قاناتلىرى بىلەن باغاشلاپ يۇقىرى ئۆرلەيتتى. ئۆزى ئالماقچى بولغان قۇش ئۇۋىسىمۇ، ئوت - چۆپ، قۇش پەيلىرىدە ياسالغان بولماستىن، ئالتۇن يىپچىلار بىلەن شۇنچىلىك نەپىس توقۇلغانىدى. «بۇ ئەسلىدە قۇشلارنىڭ شاھى تۇرىدىغان ئالتۇن ئوردا ئوخشىمامدۇ؟...» دەپ ئويلىدى تۇرسۇن. نەلەردىندۇر پەيدا بولغان بىر توپ قارلىغاچ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئەگىشكە باشلىدى. ۋىچىرلاپ ئۇنىڭغا ئۆزلىرىگە مۇشۇ ئالتۇن ئوردىنى يۆتكەپ بېرىشنى ئېيتىشاتتى. شۇندىلا تۇرسۇننىڭ كۆڭلىدىن، نەچچە ۋاقىتتىن مۇشۇ ئوردىنى ئۆز ئۆيىگە يۆتكىمىگەنلىكى يادىدىن كېچىپ ناھايىتى ئەپسۇسلاندى. ئۇ چوقۇم ئالتۇن ئۇۋىنى ئۆز ئۆيىگە يۆتكەش نىيىتىگە كەلدى. شۇ ئۇمىدتە يۇقىرىغا ئىنتىلگەنچە ئۆرلەشكە باشلىدى. قىزىق ئىش، ئۇ يۇقىرىغا ئۆرلىگەنچە، ئالتۇن ئۇۋىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ يۇقىرىغا ئۆرلىگەندەك قىلاتتى. تۇرسۇن يۇقىرى ئۆرلەشتىن توختاپ تۆۋەنگە قارىدى. ناھايىتى كۆپ بالىلار ئۆزىگە قاراپ قول پۇلاڭلىتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مىرەكمۇ بىر نەرسىلەرنى دەپ قوللىرىنى ئېگىز - پەس شىلتىيتتى. تۇرسۇن ئۇلارغا قاراپ تاتلىق تەبەسسۇم قىلدى. بەلكىم باشقىلار ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىشمەيدۇ، يا ئۇنىڭغا ئالتۇن رەڭ قانات چىققىنىغا چىداشمىغان گەپ...

تۇرسۇن دەرەخ ئۈستىدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سالدى. شۇندىلا ئۇ ئۆزىنى ئەرش - ئەلادا دەپ ئويلىدى. تاغلار، ئورمانلار، دەريالار، قۇملۇقلار... ھەتتا پۈتۈن مەۋجۇدات ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئىدى. شۇنچە كەڭ زېمىندىن ئۆزىنىڭ ئۆيىنى ئىزدىدى. ھايالشمايلا تېپىۋالدى. تاملىرى قىڭغىيىپ قالغان ئۆيى ئورنىدا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك قەلئە قەد كېرىپ تۇراتتى. دەرۋازا ئالدىدا ساتتار مۇدىر ئۇنىڭ جاغىل ئۆچكىسىنىڭ يېلىنىغا خالتىسىنى كىيدۈرۈش بىلەن ھەلەك ئىدى. شۇ چاغدا كەپسىز ئوغلاق، ئۆزىنىڭ رىزقىغا چاڭ سېلىۋاتقان ساتتار مۇدىرنىڭ كەينىدىن كېلىپ كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۈسسىدى. ساتتار مۇدىر يەردە بىر دومىلاپ ئورنىدىن تۇرغاندا، تۆكلىرى سالۋاراپ كەتكەن، بەتبەشىرە بىر ئۆچكىگە ئۆزگىرىپ قالغانىدى. تۇرسۇن ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ تېلىقىپ كۈلدى. ئۇ شۇ كۈلگىنىچە يەنە يۇقىرىغا ئۆرلەشكە باشلىدى. قىزىق ئىش، ئۆزى پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىلەن، ئۆزى ئىنتىلگەن چاڭگا ئۆزىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. شۇڭا ئاشۇ چاڭگىنى ئېلىش ئۈچۈن يەنە يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى. مانا ئاخىرى ئالتۇن ئۇۋىنىمۇ قولىغا ئالدى. مۇشۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، شۇ چاغدا تۇرسۇن ئۆيىدىن چىقىپ، ئۆزىنى توۋلىغان ئانىسى ھەم دادىسىنى كۆرۈپ قېلىپ شۇ تەرەپكە قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ ئۇچتى. ئىسسىق بىر ھارارەت تۇرسۇننىڭ پۈتۈن سەزگۈلىرىنى چۇلغىدى. پەستىكىلەر قىيا - چىيا قىلىشىپ كەتتى...

مىرەك غەرق قان ئىچىدە ياتقان تۇرسۇننى باغرىغا تېڭىپ ھۆڭرەپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىر ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيتتى. تۇرسۇن تەستە كۆزىنى ئېچىپ، پۇرۇشۇپ كەتكەن چىرايىغا كۈلكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئىپادىنى يۈگۈرتتى ھەم لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى.

— مىرەك ئاكا، ئەمدى قارلىغاچ قايتىپ كېلەمدۇ؟...

— قايتىپ كېلىدۇ، قايتىپ كېلىدۇ تۇسۇق!...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان تۇرسۇننىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ئاستا يۇمۇلدى.

---

ئاپتور: قاراماي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەخسۇس پروگراممىلار بۆلۈمىدە.

**ئوبزورچىلار مۇنبىرى**



رەيھان قادىر

# روھىيەت دۇنياسىغا پەرۋاز

## —— بەگمەت يۈسۈپ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشتىن تەسىرات

(مەزكۇر ماقالە يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو ئۇيغۇر ئەسەر ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان)

ئىنساننىڭ ھاياتلىق مۇساپىسى تۇغۇلۇشتىن ئۆلۈشكىچە بولغان بىر جەريان. ئىنسان ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇشىنى تاللاشقا ئىمكانسىز ۋە ئۆلۈمگە قارشى تۇرۇشقا قادىر ئەمەس. ئەمما ئۆزىنىڭ ھايات مۇساپىسىنى پىلان بويىچە ئۆتكۈزۈش تامامەن مۇمكىن.

گىرىمسىز قومۇل شەھىرىنىڭ قارادۆۋە يېزىسىدىن يۇرت پۇرىقىنى بىللە ئېلىپ، مەركىزىي شەھەرنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتىغا كەلگەن بەگمەتنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىقى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزى يېڭى بىر دۇنيانى كۆردى. بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا بىلىم بېرىش بىلەن بىللە يەنە تەنھالىق ۋە دىلغۇللۇقنىمۇ قوشۇپ بەردى، يەنە ئۇنىڭغا ئىلھام ۋە تەپەككۇرنى ئاتا قىلدى.

قومۇل شەھىرى قارادۆۋە يېزىسى چىلان ماكانى بولۇپلا قالماي، يەنە شامالنىڭ ئۇۋىسى. ئوتقاشتەك چىلانزارلىق يەر يۈزىنى قىپقىزىل كۆرسەتسە، بوران زېمىننى ئويۇپ يارداڭلىققا ئايلاندۇرغاندى. بەگمەت ئەنە شۇ چىلان ئوغلى، بەگمەت ئەنە شۇ شامال ئوغلى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا سەممىي بىر قەلب ۋە پۈكۈلمەس بىر قەيسەرلىك بار. ئۇ مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن دۇنيانى ئىللىتتى، جاسارىتى بىلەن روھىدىكى چىركىنلىكنى تازىلىدى.

ئۇ ئانا مېھرىنى، بولۇپمۇ ئانىسىنىڭ كۆز يېشىنى قەدىرلىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا: «يىغلارنى مەن يىغلاپ تۈگىتەي، كۆلكىنىڭ ھەممىسى ساڭا نېسىپ بولسۇن» دېگەنىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا ھاياتلىقلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئىللىق ئائىلە، تېخىمۇ مۇھىمى شەخسىيەتسىز مۇھەببەت ئاتا قىلدى.

ئۇ يۇرتىنىڭ باغلىرىنى، يۇرتىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى قەدىرلىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى «كۆمۈر قولۇڭنى مەينەت قىلىۋېتىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ بىزگە ئىللىقلىق بېرىدۇ» دېگەنىدى. بوۋىسى ئۇنىڭغا تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىتىپلا قالماي يەنە تۇرمۇشتىكى قەيسەرلىكنى، شۇنداقلا ھاياتلىقتىكى ئەقىل - پاراسەتنىمۇ ئۆگەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھاياتلىقنى، پاكلىقنى، تېخىمۇ مۇھىمى ئەقىل - پاراسەتنى قەدىرلىدى. ئۇ: «مېنىڭ ھاياتىم پاك ئېتىقادتىن باشلانغان» دەيدۇ، چۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«بىز ھاياتلىق ئىگىسى، تېخىمۇ مۇھىمى بىر ئۆزگىچە ھاياتنىڭ ئاتا قىلىنغۇچىسى» شۇڭلاشقا «پەقەت ئۆزىمىزنى بىلگەندىلا ئاندىن بىلىنەلەيمىز».

بىز بەگمەتنىڭ «ئىككىنچى ھاياتىم» ۋە «ئاكادېمىيەنىڭ باغلىرى» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك يۈرۈشلۈك نەسرلىرىنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭ ياشلىقىدىكى كەچمىشلىرى، تۇرمۇش تەسىراتلىرى، ھايات ھېسلىرى قاتارلىق بىر قانچە قاتلام بىزگە ئۇنىڭ قەلب خەرىتىسىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

بەگمەتنىڭ نەسرلىرى بىر خىل قەلب ئەينىكى، بىر خىل ھېسسىيات، شۇنداقلا تۇرمۇش يۇغۇرۇلغاندىن كېيىن قايتا قۇراشتۇرۇلغان بىر تۈز سىزما رەسىم!

«موماملىنىڭ چۆچەكلىرىدە مەن بىر ئارغىماققا ئايلاندىم. ئاپامنىڭ دۇنياسىدا مەن بىر تورغاي. بوۋام مېنى پەرۋاز قىلدۇردى ۋە قايتا قوندۇردى.» بەگمەتنىڭ مىننەتدارلىققا تولغان قەلبى باللىقنىڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرىگە چۆككەن. ئائىلىنىڭ مېھر - مۇھەببىتى ئۇنى ئاق كۆڭۈل، قەيسەر قىلغان، شۇنداقلا ئۇنىڭغا تېخىمۇ رەڭدار كىشىلىك ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرغاندى.

«باللىق ۋاقتلىرىمدا ئۆگزىدە تۇرۇپ شىمالغا قارىغىنىمدا، مېڭىلىك دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈنگەن تەڭرىتاغلىرى مېنى ھاياجانغا سالاتتى. مەن شۇ يەرنى دۇنيانىڭ چېكى دەپ ئويلايتىم». بىراق ئانىسى ئۇنىڭغا تاغلارنىڭ ئارقىدا تاغ بارلىقىنى ئېيتقىنىدا، ئۇنىڭ ئارزۇلىرى يەنە بىر تاغدىن ھالقىيتتى. بۇ ئارزۇلار ئۇنى تىنىمسىز تەسەۋۋۇر قىلدۇراتتى، بۇ ئارزۇلار ئۇنى كەلگۈسىدىكى بىلىم ئېلىشتىن ئىبارەت ئاخىرقى نىشانغا ئۈندەيتتى.

ھەممە ئىش دائىم ئويلىغىنىمىزدەك بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇ ئالىي بىلىم يۇرتىغا كەلگەندىن كېيىن كىتاب دۆۋىلىرىگە چۆكتى، ئۇستازلارنىڭ دەرسلىرىنى قېتىرقىنىپ ئاڭلىدى، ئۆزىنى بىلىم بىلەن ئوزۇقلاندۇردى. بىراق، ئۇ بىلىمى موللاشقانسېرى ئۆزىنى تېخىمۇ بىر نەرسە بىلمەيدىغاندەك ھېس قىلدى.

ئائىلىدىن ئۇچۇرما بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۇچۇشنى ئۆگەندى. بىراق، قارشى شاماللار ئۇنىڭ ئۇچۇشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. شەخسىيەتچىلىك، ھاكاۋۇرلۇق، يالغانچىلىق، ئاچ كۆزلۈك چۇقانلىرى يامرىغان ئۆتمۈش جەمئىيەتتە كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا ئويلايدىغان تۇتامسىزلىق ئۇنىڭ قەلبىدىكى جىمجىتلىقنى ئېلىپ كەتتى. ئېسەنگىرەش ئىچىدىكى تەنھالىق ۋە تەشۋىشلەر ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. «مەن زور قىيانلاردا ئاقتىم، بەزىدە قىرغاقلارمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى. شۇنداق، بەزى قىرغاقلار يېشىل بوستانلىق، بەزى قىرغاقلار قاقاسلىق ئىدى». ئۇنىڭ ئىنتىلىدىغىنى «جىمجىتلىق ئىچىدىكى پىكىر قىلىش ئىدىكى، قىيانلاردا ساياھەت قىلىشقا رايى يوق» ئىدى.

ئۇنىڭ يولباشچىسى بولغان ئانىسى ئۇنىڭغا: «ھاياتلىق بىر كىتاب» دېگەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ھاياتلىقنى ئوقۇشقا باشلىدى ھەمدە ئۆزىگە تەلىم بەرگەن كىشىلەرنى ئانىسىغا ئوخشاش كۆردى. ئانىسى ئۇنىڭ نەزەرىدە، ياق ئۇنىڭ قەلبىدە ھاياتلىقنىڭ ئوزۇقى ۋە روھىي دۇنياسىنىڭ تەسەللىسى ئۈچۈن مەنبە بولغان بىر بۇلاققا ئايلانغانىدى.

ئۇ جىمجىتلىق ئىچىدە تەپەككۇر قىلىۋاتقىنىدا، كۆز ئالدى يورۇپ كېتەتتى. «ئېچىلغان گۈللەرنىڭ ھەممىسى بىر رەڭدە ئەمەس، پىشقان مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەمى بىر خىل ئەمەس.» تۇرمۇشتا خۇشاللىقمۇ، ئازابمۇ بار. شۇنداقكەن «تەنھالىقمۇ ھاياتىمىزدىكى بىر بايلىق»، «بىر ئادەمنىڭ ئارزۇسى باشقىلارنىڭ قانداق چۈشىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز قەلبىنىڭ خۇشاللىقى ۋە تەسەللىسىدۇر»، «بەزىلەر چەكلىك ھاياتىدا يۇلتۇزدەك چاقنايدۇ، بۇ نۇرلار ئارقىلىق ھاياتنىڭ يېڭى سەھىپىلىرىنى يارىتىدۇ.»

«پەلسەپە دەرەخلىرى چېچەك ئاچتى، ئەدەبىيات گۈللىرى خۇش پۇراق چاچتى، تىل ئېقىنلىرىدا زىلال

سۇلار شىلدىرلىشىپ ئاقتى.» بەگمەت تەقدىرنىڭ چاقىرىقىنى تاپشۇرۇۋالغاندەك ئىدى، «تۇغرا، يېزىقچىلىق باشقا بىر دۇنيا»، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئەدەبىيات يولىغا قەدەم قويدى.

بەگمەتنىڭ نەسرلىرى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمى، «ئۇ بىر ئادەمنىڭ قەلب كەچمىشى، كەچمىشلەر قەلبىمىزنى ئازابلايدۇ، بۇ ئازابلار بىلەن كۆز ياشلىرىمىز تۆكۈلىدۇ. قانچىلىك تۆكۈلۈشى نامەلۇم، ئەمما كۆز ياشلار شۇنچىلىك ساپ ۋە سۈزۈك.»

بەگمەت شائىرلارغا خاس خاراكتېر ۋە تەسەۋۋۇرغا ئىگە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ نەسرلىرىدە شېئىرىي رىتىم ۋە مەنە بار. ئۇ نەسرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ھېسسىياتنىڭ رىتىمىگە ئاساسەن شەكىللەندۈرىدۇ. ھېسسىياتنىڭ لوگىكىسى يوق، قەلەم قەلبنىڭ تۈۋشىغا باقىدۇ، نەسرنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ لوگىكىلىق قانۇنىيەتكە بويسۇنمايدۇ. قەلب نېمە ئىستىسە شۇ چىقىدۇ، ئارتۇقچە تۈشەپ قويۇش يوق، تۇيغۇ ئەركىن ئىپادىلىنىدۇ، ئۇرغۇپ چىققان ھېسسىيات يېزىلىدۇ.

بەگمەتنىڭ نەسرلىرىدە مەنىگە باي ھېكمەتلىك سۆزلەر ئىنتايىن كۆپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات تەسراتلىرى، كىشىلىك تۇرمۇشتىن ئالغان چۈشەنچىلىرى، ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى بىز ھېس قىلالىغۇدەك بىر پەلسەپىۋى قۇرۇلمىغا ئەكىرگەن. «نوتىلار ئۆسۈپ مول مېۋە بېرىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە كۆپلىگەن نوتىلار ئۆسۈپ چىقىدۇ»، «مەن سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقان بىر يوپۇرماق بولۇشنى خالىمايمەن، بەلكى بىر زېرەك غەۋۋاس بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.»

بەگمەتنىڭ نەسرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ئالغان، ئۇ ئۆز ھايات تەسراتلىرىنى يېزىش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ چىركىنلىكلەردىن بىزار بولغان كەيپىياتىنى يېزىق قۇرلىرىدا نامايان قىلغان ۋە مەۋجۇت مۇھىت ۋە مەنزىرىدىن پايدىلانغان «قۇملۇق، بوستانلىق، تاغ-دەريالار، گۈللەر، تورغايلار» تەنھالىق، ئۈمىد، ئىستەك، ھاياتلىق، بەخت، خۇشاللىق.

بىز بەگمەتنىڭ نەسرلىرىدىن قۇتقۇزۇلغان «بەگمەت»نى، روھ دۇنياسىغا پەرۋاز قىلغان «بەگمەت»نى، تەنھالىق ئىچىدە بىر چەتتە قېلىشنى خالىمايدىغان، گۇمانسىراش ئىچىدە تەپەككۇر قىلىدىغان «بەگمەت»نى كۆرەلەيمىز. خۇددى ئۇ ئېيتقاندەك «بىز ئىمتىھان بېرىۋاتقان ئوقۇغۇچىغا ئوخشايمىز، ئۆمۈر ئاخىرلاشقاندا بىز ياخشى جاۋاب قەغىزىنى تاپشۇرالىساق، ئاندىن خاتىرجەم، ئارمانسىز ھالدا ھايات مۇساپىسىنى تاماملىيالايمىز.»

2014-يىلى 12-ئاي، لوشى

---

ئاپتور: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى.

تىلماچ: جۇڭگو مۇقام تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىدىن **قۇربانجان ئابدۇقادىر** (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 2016-يىللىق دوكتورانتى) تەرجىمىسى.

**بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلىرىنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىددرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قاراتېكىن (تەكلىپلىك).**



# «تىلماچلار چايخانىسى» دىكى پاراڭلار

## نامرات بالىنىڭ ھەميان تېپىۋېلىشى

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا، ئامېرىكىلىق خەير ـ ساخاۋەتچى كېنىنىز بېرىلىڭ سان فىرانسىسكونىڭ دېڭىز قولتۇقى رايونىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ھەميىنىنىڭ يوقلۇقىنى بايقايدۇ. ياردەمچىسى جىددىي ھالدا: «بەلكىم چۈشتىن بۇرۇن بېرىكلى شەھىرىدىكى نامراتلار مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا يىتكەن بولۇشى مۇمكىن، قانداق قىلىمىز؟» دەيدۇ. بېرىلىڭ ئىلاجسىز ھالدا: «تېپىۋالغۇچىنىڭ بىزنى ئىزدىشىنى كۈتمەكتىن باشقا چارە يوق» دەيدۇ.

ئىككى سائەتتىن كېيىن، ياردەمچىسى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا: «ئەمدى ساقلىمايلى. بىز نامراتلاردىن ئۈمىد كۈتمەيلى» دېگەندە، «ياق، مەن بىردەم ساقلاپ باقاي» دەيدۇ بېرىلىڭ.

ياردەمچىسى چۈشىنەلمەي: «ھەمياندا ئىسىم كارتوچكىسى بار، ئەگەر تېپىۋالغۇچى قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولسا، تېلېفون قىلىشقا ئىككى مىنۇتلا كېتەتتى. لېكىن، بىز يېرىم كۈن ساقلىساقمۇ، ئۇلار قايتۇرۇپ بەرمىدى» دەيدۇ.

بېرىلىڭ ئاۋۋالقىدەك ساقلايدۇ. قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە، تۇيۇقسىز تېلېفونى سايراپ كېتىدۇ. تېلېفونى ھەميانىنى تېپىۋالغۇچى ئۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كارت كوچىسىغا كېلىپ ھەميانىنى ئېلىۋېلىشىنى دەيدۇ.

ياردەمچىسى: «بۇ قىلتاق ئەمەستۇ؟ ئۇلار قاقتى ـ سوقتى قىلماقچى بولۇۋاتقاندۇ بەلكىم» دەيدۇ.

بېرىلىڭ ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، ماشىنىسىنى ھەيدەپ ماڭىدۇ. دېيىشكەن جايغا كەلگەندە، كىيىملىرى يىرتىلىپ كەتكەن بىر بالا بېرىلىڭ يىتتۈرۈپ قويغان ھەميانىنى ئېلىپ ئۇلار تەرەپكە قاراپ كېلىدۇ. ياردەمچىسى ھەميانىنى ئېلىپ، پۇلنى ساناپ بېقىپ، بىر تىيىنىنىڭمۇ كەم ئەمەسلىكىنى بايقايدۇ.

«مېنىڭ بىر تەلىپىم بار، ماڭا ئازراق پۇل بېرەلەرسىزمۇ؟» دەيدۇ ھېلىقى ئوغۇل بالا.

بۇ ۋاقىتتا ياردەمچىسى كۈلۈپ كېتىپ: «مەن دېمىدىممۇ...» دېيىشىگە، بېرىلىڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋېتىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە ئوغۇل بالىدىن نەچچە پۇل ئالىدىغانلىقىنى سورايدۇ.

«پەقەت بىر دوللار بولسىلا بولىدۇ» دەپ جاۋاب

**تەرجىمە كۆزنىكى**

بىرىدۇ ئوغۇل بالا ھېچ ئويلانماستىنلا: «مەن خېلى ئۇزۇن ھېكىپ، ئانامنىڭ تېلېفون بار يەرنى تەستە تاپتىم، لېكىن يېنىمدا پۇل بولمىغاچقا، ئامالسىز باشقىلاردىن بىر دوللار قەرز ئېلىپ تېلېفون ئۇرغاندىم، ھازىر قەرز ئالغان پۇلنى قايتۇرۇپ بەرمىسەم بولمايدۇ».

ئوغۇل بالىنىڭ نۇرلىنىپ كەتكەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ، يارەدەمچىسى خىجىللىقتىن بېشى ساڭگىلاپ كېتىدۇ، بېرلىك ھاياجان بىلەن بالىنى قۇچاقلايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، بېرلىك بۇرۇنقى خەير ـ ساخاۋەت پىلانىنى ئۆزگەرتىدۇ، مەبلەغ چىقىرىپ بىر كىلى شەھەرگە بىر نەچچە مەكتەپ سېلىپ، مەخسۇس نامراتلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان بالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا، بېرلىك مۇنداق دەيدۇ: «باشقىلارغا قارىغۇلارچە باھا بەرمەسلىك كېرەك. بىز ۋاقىت ۋە پۇرسەت يارىتىپ ساپ ۋە ئاق كۆڭۈل قەلبكە يېقىنلىشىشىمىز كېرەك، بۇنداق قەلب بىزنىڭ مەبلەغ سېلىشىمىزغا ئەڭ ئەرزىيدۇ».

«فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2016 ـ يىلى 11 ـ ئايلىق كېيىنكى سانىدىن **ئەلجان تۇرسۇن** تەرجىمىسى

## پەزىلەت بولمىسا ھەر يەردە چەكلىمە بار

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، 2013 ـ يىلىغىچە، يەر شارىدا ئۆمرى 200 يىلدىن ئاشقان كارخانىلاردىن ياپونىيەدە 3146 سى بار بولۇپ، دۇنيا بويىچە 1 ـ ئورۇندا تۇرغان؛ ياپونىيەدىن كېيىن تۇرىدىغان دۆلەتلەردىن، گېرمانىيەدە 837 كارخانا، گوللاندىيەدە 222 كارخانا، فرانسىيەدە 196 كارخانا بار ئىكەن.

بۇنداق كارخانىلار جۇڭگودىمۇ بارمۇ؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جۇڭگودىمۇ بار ئىكەن. بەزىلەر توققۇزى بار دەيدۇ، يەنە بەزىلەر بەشى بار دەيدۇ. بىراق بىر دېيىلىسمۇ، ھەممىسى دېگۈدەك يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك كارخانىلار. بۇ، يېمەك ـ ئىچمەكنى مۇھىم ئەمەس، دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى خەقنىڭ كارخانىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق دېگەنلىكتۇر. كىشىنى تېخىمۇ ئەنسىرىتىدىغىنى شۇكى، جۇڭگودىكى چوڭ ـ كىچىك كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى پەقەت ئىككى يېرىم يىل بولۇشى، بەزى گۇرۇھ، كارخانىلار بولسىمۇ، بىراق ئۆمرى يەتتە، سەككىز يىلدىن ئاشماسلىقىدۇر.

ئۇنداقتا مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: خەقنىڭ كارخانىلىرى «ئۇزۇن ئۆمۈر» كۆرەلەيدۇ، بىزنىڭ كارخانىلىرىمىز نېمىشقا «ئۆمرى كۆتە» بولۇپ قالىدۇ؟

ئىككى مىسالغا قاراپ باقايلى. ياپونىيەنىڭ بىر كىنوسى بار، ئىسمى «مېيىت توشۇغۇچى»، ئوسكار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ھېكايىدە، بىر باش ئىسكىرىپكىچى ئىشسىز قالغاندىن كېيىن، دەپنىخانىدا مېيىت توشۇغۇچى بولىدۇ. ئۇ بۇ كەسىپنى ئىنتايىن سۆيىدۇ، ئۇنىڭ ئاجايىپ گىرىم قىلىش ھۈنىرى مېيىتلەرنى خۇددى ئۇخلاۋاتقاندەك ھالغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ مۇشۇ سەۋەبتىن كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجە قازىنىشتا ھېس قىلغىنى بولسا: «سەن بىر ئىشنى قىلغان ۋاقتىڭدا، ئۇ ئىش بىلەن ئايرىلالمايدىغان ھېسسىيات ئورنىتىشىڭ كېرەك، ئۇنى رەت قىلما، بەلكى ئۇنى جېنى بار نەرسە دەپ قاراپ، كۆڭۈل قويۇپ ئۇنىڭ بىلەن سىرداشلىشىڭ كېرەك»تىن ئىبارەت.

گېرمانىيەنىڭ قازىنى دۇنياغا داڭلىق، ئۆيۈمدىمۇ ئىككىسى بار، بىرسىدە قورۇما قورۇلىدۇ، يەنە بىرسىدە گۆرۈچ پىشۇرۇلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گېرمانىيەدە ياسالغان قازانلارنىڭ ئۆمرى 100 يىلدىن ئاشىدىكەن، لېكىن ئادەتتىكى قازانلارنىڭ ئۆمرى ئارانلا 20 يىل ئەتراپىدا بولىدىكەن. دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگىنچۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم.

ئادەتتە: «سېنىڭ بىر قازىنىڭنى 100 يىل ئىشلەتكىلى بولسا ئۇنداقتا بىرنى ساتقىنىڭ بىر خېرىدارىڭدىن مەھرۇم بولدۇڭ، كېيىن خەق سېنى ئىزدەپ كەلمەيدۇ دېگەن گەپ، 20 يىل چىدايدىغان قازاننى خېرىدارلار 20 يىل ئىشلەتكەندىن كېيىن، يەنە سېنى ئىزدەپ كېلەمدۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ چىداش ۋاقتىنى تېخىمۇ قىسقىراق قىلساڭ، تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپالايسەن ئەمەسمۇ؟» دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىراق گېرمانلار ئۇنداق دەپ قارىمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ قازىنىنى سېتىۋالغانلار 2 ـ قېتىم سېتىۋېلىشىنىڭ هاجىتى يوق، شۇنىڭ بىلەن نامى چىقىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر قازىنىمىزنى سېتىۋالىدۇ، دەپ قارايدۇ. دۇنيا 7 مىليارد نوپۇسى بار چوڭ بازار، بۇنداق بازاردا سودىنىڭ چوڭىنى قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

بۇ قانداق روھ؟ بۇ بىز دائىم ئېغىزىمىزدىن چۈشۈرمەيدىغان «ئۇستىكار روھى»دۇر.

بۇ سۆز، بۇ يىلقى «ئىككى يىغىن»، زۇڭلىنىڭ هۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىغا كىرگۈزۈلدى.

بىراق يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇستىكار روھىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، بىزنىڭ تېخى ئۇزۇن يوللارنى بېسىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر ئاددىيلا ھالدا، ئۇستىكار دېگەن پەقەت مېخانىكىلىق تەكرار خىزمەت قىلغۇچى دەپ قارايدۇ. بىراق، ئەمەلىيەتتە «ئۇستىكار» چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىر دەۋرنىڭ تېمپېرامېنتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، قەتئىيلىك، ئەمەلىي بولۇش، تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشقا ئىنتىلىش بىلەن ئايرىلالمايدۇ.

بۇ يەردە مەن كۆپچىلىكنى «جۇڭشىن نەشرىياتى» يېقىندا نەشر قىلغان «ئۇستىكار روھى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ بېقىشقا تەۋسىيە قىلىمەن، بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئاكىياما شىترو (ياپونىيەلىك).

ئاكىياماتو شىترو 26 ياش چېغىدا، ياپونىيە خان ئوردىسىغا ئۆي جاهازلىرىنى ياساشقا باشلىغان. بۇ ئۇنىڭ كەسپىنىڭ شانلىق دەۋرگە قەدەم قويغانلىقتىن دېرەك بېرەتتى. بىراق 27 ياشقا كىرگەن يىلى، ھېچنېمىگە قارىماي خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، يوكوخامادا «ئاكىياما ياغاچچىلىق شىركىتى»نى قۇردى. ئۇنىڭ نىشانى، 100 يىل، 200 يىل ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئۆي جاهازلىرىنى ياساش ئىدى. بۇ ئۆي جاهازلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىك تېخنىكىغا ئىگە، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۆي جاهازلىرى ئۇستىلىرىنىڭ قولىدا ياسىلىپ چىقىلاتتى؛ بىراق، تېخنىكىسى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ياغاچچىلارنى «ئاكىياماتو ياغاچچىلىقى» ئۆزى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئاكىياماتو بىر يۈرۈش «سەككىز يىللىق ئالاھىدە بولغان ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش تۈزۈمى»نى تۈزۈپ چىققان: بىر يىل تەييارلىق، تۆت يىل شاگىرت بولۇش، ئۈچ يىل ئۆگەنگەچ شاگىرت يېتىشتۈرۈش. سەككىز يىلدىن كېيىن، مۇستەقىل بولۇپ، مەيلى كەتسۇن ياكى قېپقالسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى «بىر ياغاچچى بولۇشتىكى پىسخىك قۇرۇلۇش قىلىش، توغرا بولغان تۇرمۇش پوزىتسىيەسى، ئاساسىي ماھارەت، خىزمەت پىلانى، بىلىم ۋە تېخنىكا قاتارلىق لاياقەتلىك بىر ياغاچچىدا بولۇشقا زۆرۈر بولغان بارلىق شەرتلەر»گە ئىگە ئىدى.

40 يىل ئۆتۈپ كەتتى، «ئاكىياماتو ياغاچچىلىقى» دەسلەپتىكى ئۈچ خادىمى هازىر تەرەققىي قىلىپ 34 كە يەتتى. بىر شىركەتنىڭ دىرېكتورىغا ئايلانغان ئاكىياماتو كەمتەرلىك بىلەن شىركەتنى «كىچىك بىر كارخانا» دەيدۇ. بىراق بۇ كارخانا، ئۇلار ئىشلەپچىقارغان ئۆي جاهازلىرى ياپونىيە ئوردىسىدىكى ئىچكى ۋازارەت (ساماۋى پادىشاھ ۋە ئوردىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل)، مېھمانخانىلار، پارلامېنت زالى، ئالىي دەرىجىلىك مېھمانساراي ۋە ئادەتتىكى ئائىلىلەرنى قاپلىدى؛ 70 ياشتىن ئاشقان ئاكىياماتو 50 نەچچە «ماھىر ئۇستام»نى تەربىيەلەپ چىقتى ھەمدە «ئۇستىكار»لارنى تەربىيەلەپ چىقىدىغان ئۇستاز ـ شاگىرت تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلدى.

ئاكىياماتو نېمىگە تايىنىپ ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان؟ «ھۈنەرۋەن روھى» دېگەن كىتابتا، «ئاكىياما ياغاچچىلىقى»نىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ چىقىش تۈزۈمىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنىنى، يەنى، «ياغاچچىلار چوقۇم بىلىشكە تېگىشلىك 30 ماددا»نى تونۇشتۇرغان.

مەن بۇ 30 ماددىنى قايتىلاپ ئوقۇدۇم، ئەمەلىيەتتە كۆپ قىسمى ئادەملەرنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى بولۇپ، بەزىلىرى ھەتتا بىزنىڭ نەزەرىمىزدە كىچىك ئىشلار دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: سالام قىلىشنى بىلىش، تازىلىق قىلىشنى، رەتلەشنى بىلىش، مىننەتدار بولۇشنى چۈشىنىش، تەق ـ تۇرقىغا دىققەت قىلىش، باشقىلارغا خۇشاللىق بىلەن ياردەم بېرىش، ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشنى، تېلېفون بېرىشنى بىلىدىغان ئادەم بولۇش... قاتارلىقلار. بىراق چوڭقۇر چۈشەنگىنىمىزدە، بۇ ھەرىكەت ئۆلچەملىرى، ماھىيەت

جەھەتتىن ئادەم بولۇشنىڭ قائىدىلىرىنى قابىل ياغاچچى هازىرلاشقا تېگىشلىك شەرت قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە، خېلى كۆپلىرى هازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك يوقىتىۋاتقان، بەزى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھەرلىرى دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: دىققەت بىلەن ئاڭلاش ئىقتىدارى، ئالاقە باغلاش ئىقتىدارى؛ ئەلۋەتتە ئەڭ مۇھىمى، پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ ئەقىل - پاراستىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىقتىدارىنى قانداق قىلىپ باشلامچىلىق بىلەن يېتىلدۈرۈشتۇر.

ئاكىياماتونىڭ قارىشىچە، «ھۈنەرۋەن روھى» دېگەنلىك، تېخنىكىنىڭ ئۆزىگە سىڭدۈرۈش بولۇپلا قالماستىن، پەزىلەت سۈپىتىدە نامايان قىلىش، ئاندىن كېيىن پەزىلەت يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ھۈنەر - كەسىپتە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ خىل ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەلدە كۆرسىتىشنى تارقىتىش بىلەن بىلىم جۇغلاش، ئۇچۇرنىڭ كۆپىيىشى ئوخشىمايدىغان بولۇپ، بىر خىل ئالاھىدە بولغان ئەقىل - پاراسەت يەتكۈزۈش ئۇسۇلىدۇر.

ئاكىياماتو مۇنداق دەيدۇ: «ھۈنەرۋەن روھى» ھۈنەرۋەننىڭ جېنىدۇر. مەسىلەن: خېرىدارلار كېلىپ بىزگە ئۆي جاھازلىرى بۇيرۇتسا، بىز ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تەلىپىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق قىلىپ ياساپ بېرىشىمىز كېرەك، بىراق بۇنداق قىلىش ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭ تەلىپىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنداش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئاساسەن ياساپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، مانا بۇ دەل ھۈنەرۋەندۇر.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ يېتىشتۈرۈپ چىقماقچى بولغىنى «ئىقتىدارلىق ھۈنەرۋەن» ئەمەس، بەلكى «پەزىلەتلىك، يۇقىرى ساپالىق ھۈنەرۋەن»، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، باشقىلار ئۈچۈن ئويلايدىغان ھۈنەرۋەن. ئەگەر مۇشۇنداق ئىنسانىي خىسلەت بولسا، ئادەم يۈكسەكلىككە يېتىدۇ؛ ئەگەر پەقەت ئىقتىدار جەھەتتىنلا يېتىشىپ چىقسا، تەگرىنىڭ ياردىمىدىن قۇرۇق قالىدۇ. چۈنكى پەزىلەت بولمىسا، چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئەڭ يۈكسەك ئادەم، ئۇلۇغ ئۇستاز دەرىجىلىك ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەخلاقىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ خىزمىتى، ئۆز كەسپىدىكى چولپانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش، سەككىز يىل ۋاقتىتا ئۇنىڭغا پەزىلەت، ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىختىساسلىقلاردىن قىلسا، ئۇ چوقۇم ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ھۈنەرۋەنگە ئايلىنالايدۇ. مۇشۇنداق روھ بولسىلا، ئاندىن تېخمۇ يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، تېخمۇ يىراقنى بارالايدۇ.

بەزى خەۋەرلەردە دېيىلىشىچە، «ئۇستىكار روھى» ھۆكۈمەت خىزمىتى دوكلاتىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن سورۇنلاردا «ئۇستىكار» دېگەن خەت بىلەن باشلانغان ۋىۋىسكىلار پەيدا بوپتۇ. مەسىلەن: «ماشىنا يۇيۇش ئۇستىكارى»، «قورۇما قورۇش ئۇستىكارى» دېگەندەك.

بىراق «ماشىنا يۇيۇش ئۇستىكارى» دەپ ئات قويۇۋالغان ماشىنا يۇيۇش كەسپىدە، پەقەت يۈزەكى ئابرۇيىنىلا قوغلىشىدۇ، ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى كىر، داغلارنى شۇنداقلا سۈرتۈپ قويۇپ بولدى قىلىدۇ. «قورۇما قورۇش ئۇستىكارى» دەپ يېزىۋالغان چېلىغان موما ئاشخانىسىدا، خېرىدارلار: «ئادەتتىكى چېلىغان موما بىلەن قورۇۋېتىلگەن مومىنىڭ قانداق پەرقى بار» دەپ سوراپ قالسا، «يەپ باقسىڭىز بىلىسىز» دېگەن ناھايىتى ئاددىي، ئەمما ئۇلارنى رازى قىلالمايدىغان جاۋابقا ئېرىشىدۇ. خېرىدار تاماق يەپ بولغىچە مۇلازىملارنىڭ قولىدىن تېلېفون چۈشمەيدۇ.

نېمىشقا «جۇڭگو ياسىمچىلىقى» يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريوللارنى ياسىيالايدۇ، سۇ ئاستى كېمىلىرىنى دېڭىزغا چۈكتۈرەلەيدۇ، قاش توشقىنىنى ئايغا چىقىرالايدۇ، جۇڭگونىڭ تېخنىكىلىرى دۇنيا پەن - تېخنىكا مۇسابىقىلىرىدە ئالتۇن ياكى كۈمۈش مېدالغا ئېرىشەلەيدۇ - يۇ، ياخشىراق شارىك ئۇچلۇق قەلەمنى، جۇڭگولۇقلارنى رازى قىلالايدىغان تەرەت تۈڭىنى ياساپ چىقالمايدۇ؟

ئەمەلىيەتتە «ھۈنەرۋەن روھى» دېگەن كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيەنى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن تاپقىلى بولاتتى؛ پەقەت جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى 100 نەچچە يىللىق ئۈزۈلۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىشنى باشتىن كەچۈرگەچكىلا، روھ بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى تۇتاشتۇرۇش مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا بۈگۈن بىزگە ئۇچراۋاتقان ئۇنداق، مۇنداق ئاۋارىچىلىك، باش ئاغرىقلارنى غەلىتىلىك ھېس قىلمايدىغان بولۇپ قالدۇق.

دەل مۇشۇنداق بولغانىكەن، «ئۇستىكار روھى» بىزگە قايتا ئويلىنىش ۋە پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن.

لى چۈەنتيەن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ژۇرنىلى»نىڭ 2016 - يىلى 7 - ئايلىق ئالدىنقى ساندىن ئەلىجان تۇرسۇن تەرجىمىسى.

---

تىلماچ: يېڭىشەھەر ناھىيەلىك پارتكوم تەرجىمە مەركىزىدىن

# ئۇنتۇلماس لۇ شۈن

2016 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى لۇ شۈن ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 80 يىللىق خاتىرە كۈنى. لۇ شۈن جۇڭگودا قەدىمكى زامان، ھازىرقى زامانغا يۈزلەنگەن ھالقىلىق باسقۇچتا ياشىغان بولۇپ، چوڭقۇر مەنىلىك نەزەرى ۋە قورقماس روھى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋىلىكتىن زامانىۋىلىققا بۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن تىپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، مەدەنىيەت ئەربابى ھېسابلىنىدۇ.

لۇ شۈن ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ۋەكىلى. ئۇنىڭ «چۇقان»، «تېڭىرقاش»، «يېڭى ھېكايىلەر» ناملىق ئۈچ پارچە ھېكايىسى جۇڭگو ھازىرقى زامان ھېكايىچىلىقىنىڭ ئابىدىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىشقا كۆرسەتكەن تەسىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ قەلىمى كۈچلۈك ۋە مۇھاكىمىسى چوڭقۇر بولۇپ كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتەك قايناق ھېسسىياتى مۇزدەك جىمجىت بايانلىرىغا يوشۇرۇنغان بولۇپ، قالتىس بەدىئىي ماھارىتى نامايان قىلىنغان. ئۇنىڭ كۈلكىلەرگە يوشۇرۇنغان كۆز يېشىنىڭ بەدىئىي تەسىرى بۈيۈك سەنئەتكارلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئېچىنىش، قايناق ھېسسىيات ۋە مەنزىلىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭ «چېچەك ھارپىسى» ناملىق نەسرلەر توپلىمى يۇمۇرىستىك تۈسكە ئىگە توپلام ھېسابلىنىدۇ. «ياۋا گىياھ» ناملىق نەسرىي شېئىرلار توپلىمى 100 بەتكە يەتمەيدۇ، ئۇنىڭدا چوڭقۇر ئىدىيە بىلەن ئاجايىپ ئوبراز يۇغۇرۇلغان بولۇپ جۇڭگو ھازىرقى زامان نەسرىي شېئىرلار تارىخىدىكى ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ئابىدىگە ئايلانغان. لۇ شۈن فېلىيەتوندىن ئىبارەت بۇ خىل ئۇسلۇبنى مۇستەقىل ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇ بۈگۈنكى كۈندە مۇستەقىل ژانىرغا ئايلاندى. ئۇنىڭ فېلىيەتونلار توپلىمى 15 كە يەتكەن بولۇپ، فېلىيەتونلاردا مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنغاندا يۈز - خاتىر قىلىنماي، تۈزەلمەس يامان ئادەتلەر ۋە ساختىپەزلىك قامچىلانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىنگلىز، ياپون، رۇس، ئىسپان، نېمىس، ئەرەب قاتارلىق 50 تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنياۋى كىتابخانلار قوشۇنىغا ئىگە بولغان.

لۇشۈن بۈيۈك تەرجىمان بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى ئۇدۇل تەرجىمە نەزەرىيەسىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تەرجىمىدە ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا سادىق بولۇپ، چەت ئەلنىڭ جۈملىلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ خەنزۇ تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى بېيىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. جۇڭگونىڭ يېڭى ئەدەبىيات قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەرجىمە ھەر ۋاقىت ئىجادىيەتتىن تېخىمۇ مۇھىم. ئۇ جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن ياپونىيەلىك ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەچىسى كۇرىياگاۋا خاكۇسوننىڭ «ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ سىمۋولى»، «پىل چىشى مۇنارىدىن چىقىش» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغان. يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەچىسى پلېخانوفنىڭ «سەنئەت

نەزەرىيەسى»، لۇتخېنوفنىڭ «سەنئەت نەزەرىيەسى» ۋە فادىيېفنىڭ داڭلىق رومانى «ھالاكەت»، رۇسىيە رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك يازغۇچىسى گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» قاتارلىق رومانلىرىنى تەرجىمە قىلغان. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، لۇشۈن ھاياتىدا 14 دۆلەتتىكى 105 نەپەر يازغۇچىنىڭ 3 مىليون خەتتىن ئارتۇق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغان بولۇپ، بۇ ئۆزى يازغان ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن ئاساسەن تەڭلەشكەن.

لۇشۈن دۆلەت ئىلمى تەتقىقاتىنىڭ ئۇستازى. ئۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى ھېكايىلىرى ۋە رومانلىرىدىن «قەدىمكى ھېكايىلەر»، «تاڭ، سۇڭ سۇلالىسى ئەپسانىلىرى»، «كونا ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ھېكايىلەر» قاتارلىقلارنى رەتلەپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭ «جۇڭگونىڭ رومانچىلىق تارىخى» ناملىق كىتابى ئېلىمىزدىكى ئالىملار يازغان تۇنجى جۇڭگو قەدىمكى زامان رومانى ھەققىدىكى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كوررېكتورلۇق قىلغان «جىكاڭ توپلىمى»دا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چەنلۇڭ ۋە جاچىڭ خانىنىڭ ئەنئەنىسگە ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. لۇشۈن يەنە «گۈيجى ۋىلايىتى قەدىمكى كىتابلىرىنىڭ ئارىلاش توپلىمى»، «يۈنگۇ خاتىرىلىرى»، «لىڭ بىياۋدا ئۆتكەن ئاجايىپ ئىشلار» قاتارلىقلارنى سىلىشتۇرۇپ رەتلىگەن. لۇشۈن ھاياتىدا تۇرلۇك مىس ۋە تاش ئابىدىلەرنىڭ نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن 5100 خىلدىن ئارتۇق 6000 پارچىدىن كۆپرەك قەغەزلەرنى توپلىغان.

لۇشۈن خەتتات بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ھازىرقى زامان خەتتاتلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەر قانداق بىر خەتتاتتىن ئېشىپ كېتىدۇ. لۇشۈن مائارىپ مىنىستىرلىقىدىكى ۋاقتىدا گۈزەل سەنئەت ۋە مۇزېي خىزمەتگە مەسئۇل بولغان بولۇپ، ئۇ گۈزەل سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ، ئېستېتىك تەربىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەپ، باللار سەنئەت كۆرگەزمىسىنى تەشكىللىگەن. ئۇ خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە جۇڭخۇا مىنگونىڭ تۇنجى دۆلەت گېربىنى لايىھەلىگەن. سەي يۈەنپېينىڭ تەكلىپگە بىنائەن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۇنجى مەكتەپ گېربىنى لايىھەلىگەن. لۇشۈن جۇڭگو ھازىرقى زامان كىتابلىرىنىڭ مۇقاۋىسىنى لايىھەلەش ئۇستىسى ھېسابلىنىدۇ. كىتاب - ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىسى، قىستۇرما رەسىملىرى، بەت لايىھەلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنىڭ مۇستەقىل قارىشى بار بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسەرلەر توپلىمى ۋە ئۆزى تەھرىرلىگەن ژۇرناللارنىڭ كۆپ قىسىم مۇقاۋىسىنى ئۆزى لايىھەلىگەن. لۇشۈن ھەممە ئېتىراپ قىلغان جۇڭگونىڭ ھازىرقى زاماندىكى يېڭىدىن گۈللەنگەن ياغاچ ئويمىچىلىقىنىڭ ئاتىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئىدىيەسى بىلەن جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات - سەنئىتى ۋە يېڭىدىن گۈللەنگەن ياغاچ ئويمىچىلىقى ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەرگەن.

لۇشۈن خەتتاتلىق بىلەن داڭ چىقارمىغان بولسىمۇ، بىراق لۇشۈننىڭ خەتتاتلىقى ئۆزگىچە بولۇپ لۇشۈن ئۇسلۇبى دەپ ئاتىلىدۇ. لۇشۈننىڭ 50 يىل داۋامىدا ساقلىنىپ قالغان خەتتاتلىق قول يازمىلىرى 10 مىڭ بەتتىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ خەتتاتلىق ئۇسلۇبى بىلەن ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى فېلىيەتونلىرى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

«جۇڭگونىڭ ئادىمىيەت ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرىنىڭ ئىلمىي تەسىر كۈچى توغرىسىدىكى دوكلات»قا ئاساسلانغاندا، «لۇشۈن ئەسەرلىرى توپلىمى» يالغۇز جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيە ماقالىلىرىدا دۆلەت ئىچىدىكى ئىلمىي ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈشتە 1 - ئورۇندا تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى چەت ئەل ئەدەبىياتى نەزەرىيە ماقالىلىرىدە دۆلەت ئىچىدىكى ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرۈشتە 1 - ئورۇندا، مەدەنىيەت ئىلمىي نەزەرىيە ماقالىلىرىدە دۆلەت ئىچىدىكى ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرۈشتە 1 - ئورۇندا تۇرغان، يەنە باشقا بەش ئىلمىي نەزەرىيە ماقالىسى دۆلەت ئىچىدىكى ئىلمىي ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرۈشتە 10 - ئورۇنغا كىرىپ تەسىر كۈچى ئەڭ زور ئەسەرگە ئايلانغان.

لۇشۈن ھايات ۋاقتىدا «مىللەتنىڭ روھى» دەپ

www.uyghurkitap.com



ئاتالغان، كېيىن جۇڭگو مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى، جۇڭخۇا مىللىتى يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ رولچىسى، دەپ تەرىپلەنگەن.

لۇشۈن ۋاپات بولغاندا، يۇدافۇ «لۇشۈننى ياد ئېتىمەن» ناملىق ماقالىسىدە: ئۇلۇغ شەخس بارلىققا كەلمىگەن مىللەت دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە جانلىقلار توپى ھېسابلىنىدۇ؛ ئۇلۇغ شەخس بارلىققا كەلگەندە ھىمايە قىلىش، ئىززەتلەش، چوقۇنۇشنى بىلمىگەن دۆلەت ئۈمىد يوق قۇللار دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ» دېگەن. شۇڭا لۇشۈننىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ قويايلى. لۇشۈننىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇماق ئاسان ئەمەس، پەقەت بىرلىپ ئوقۇساقلا كۆتۈلمىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيمىز.

جاڭ يۈنلوڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «خەلق گېزىتى»نىڭ 2016 - يىلى 26 - ئۆكتەبىردىكى سانىدىن مۇھەممەد تۇراپ تەرجىمىسى

## جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ چەت ئەلدە تەرجىمە قىلىنىشى ۋە خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنىشى

مو يەننىڭ «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشىشى جۇڭگولۇقلارغا زور شان - شەرەپ ئېلىپ كەلدى، ئارقىدىنلا باش كۆتۈرگەن تۈرلۈك مۇنازىرىلەر ئاممىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى قايمۇقتۇرۇپ قويدى. مو يەننىڭ چەت ئەلدە تەرجىمە قىلىنغان ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلىرىنىڭ باغلىنىش ئەھۋالدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «مو يەننىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان تەرجىمانلار»، «مو يەننىڭ ‹نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى›غا ئېرىشىشىنىڭ كەينىدىكى تۆھپىكارلار: ھەرقايسى دۆلەت تەرجىمانلىرىنىڭ تۆھپىسى» قاتارلىق ماقالىلەر ئارقا - ئارقىدىن چەت ئەل ئاخبارات ۋاستىلىرىدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. كىشىلەر بىر مەزگىل مو يەن تەرجىمانلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولىغا تايىنىپ «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى، دەپ قاراشتى.

مو يەننىڭ «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشىشى بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ نۇرغۇن دۆلەت تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىشى مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ دەل تەرجىمە قىلىنغان مۇشۇ تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوقۇرمەنلەرگە مو يەننى تونۇتقانلىقى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى خەلقئارانىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە ئېتىراپ قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇقۇشمىزچە، مو يەننىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان تەرجىمانلار قوشۇندا شۋېتسىيەلىك چېن ئەننا بار بولۇپ، ئۇ شۋېتسىيەدە مو يەننىڭ «قىزىل قوناقلىقلار جەمەتى»، «جەننەت ناخشىسى»، «ھايات - ماماتلىق چارچاش» قاتارلىق ئۈچ پارچە رومانىنىڭ تەرجىمىسىنى ئايرىم نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرغان. چېن ئەننا مو يەننىڭ «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشىشى پەقەت ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك مەسىلىسى دەپ قارىغان. ئامېرىكىلىق خەنزۇشۇناس مو خاۋۋېن مېدىيالار تەرىپىدىن «مو يەننىڭ بىردىن بىر تۇنجى تۇغۇت ئانىسى» دەپ ئاتالغان. گەرچە ئۆزىنىڭ مو يەن ئەسەرلىرىنىڭ چەت ئەلگە تارقىلىشىدىكى رولىنى مۇبالىغە قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق، مو خاۋۋېننىڭ مو يەن ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغانلىقىدىن ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ مو يەننىڭ «قىزىل قوناقلىقتا»، «شەرەپلىك جۇمھۇرىيەت»، «ھايات - ماماتلىق چارچاش» ۋە «ساندال قوزۇق جازاسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، مو يەننىڭ ئەسەرلىرى تارىخىي تۇيغۇ ۋە ئەخلاق، ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە، دەپ قارىغان. فرانسىيەلىك خەنزۇشۇناس نوئېي دېتېلاي مو يەننىڭ «شەرەپلىك جۇمھۇرىيەت»، «تولغان بەدەن»، «41 توپ» ۋە «ئۇستازلار بارغانسېرى يۇمۇرىستىك» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان. ئۇ مو يەننىڭ يۇرتىنى زىيارەت قىلىپ، مو يەننىڭ رومانلىرى ئىدىيەۋىلىك ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى جەھەتتە ناھايىتى ئۆزگىچە ئىكەن، دەپ قارىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ياپونىيەدە ئاكىرا ۋېلخېئات،

رۇسىيەلىك يېگوروف قاتارلىقلار ئۆز دۆلەتلىرىدە مويەننىڭ رومانلىرىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. نۇرغۇن تەرجىمە نۇسخىلىرىدا تەرجىمانىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى نامايان قىلىنىپ، مو يەن رومانلىرىنىڭ چەت ئەلگە تارقىلىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

مو يەننىڭ رومانلىرىنىڭ چەت ئەلدە كۆپ ساندا تەرجىمە قىلىنىشى ئۇنىڭ «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ھېسابلىنىدۇ، بىراق، بۇ ئاچقۇچلۇق ئامىل بولۇشى ناتايىن. تەرجىمە پائالىيەتلىرىدە مۇنەۋۋەر تەرجىمانلار ماتېرىيال تاللاشتا ئۆزگىچە نەزەرىنى نامايان قىلىپ شۇ دۆلەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى ئەسەرلەرنى تاللاپ تەرجىمە قىلىدۇ. بۇمۇ «4 - ماي يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى»دىن بۇيان، جۇڭگولۇقلار چەت ئەلنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى كىرگۈزگەندە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن چوڭ بىر پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ. خۇشى: پەقەت داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، 2 - ئورۇندىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلماسلىق توغرا ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئەجەبا چەت ئەللىكلەر جۇڭگو ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلغاندا ماتېرىيال تاللاش ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتەمدۇ؟ بىر ئالىم مو يەننىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىشى مۇنەۋۋەر تەرجىمانلارنىڭ بولغانلىقىغا باغلىق بولغان ھەمدە ئۇنىڭدىن ئىلھاملانغان، دەپ قارىغان. يەنە جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئەگەر تېخىمۇ كۆپ شەرەپلەرگە ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، بىز تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر خەنزۇشۇناسلارنى بايقاپ، جۇڭگونىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىشى كېرەك، دەپ قارىغان. ئەگەر تەرجىمىدىن ئىبارەت بۇ يول بولمىسا، خەلقئارالىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارىغان. تەرجىمىنىڭ بىر ئۇچىغا زىيادە ئېسىلىۋېلىپ، تەرجىمە قىلىش جەريانىدىكى ئەسلىي ئەسەرنىڭ يېتەكچىلىك خاراكتېرى ۋە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىجاد قىلىشىنى چەكلىگەن بولساق، ئۇ ھالدا مو يەننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى مۇنەۋۋەر تەرجىمان ۋە خەنزۇشۇناس دەپ قارىلىپ، ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلمىگەن ئەھۋالدىمۇ، گۆشسىز پولۇ ئەتكەندەك ئىش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، دەپ قارىغان. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت مەقستى ۋە نىشانى ئەجەبا تەرجىمىگە تايىنىپ خەلقئارالىق مۇكاپاتقا ئېرىشىشمىدۇ؟ بۇ بىزدىكى ئاجىز مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى ئاشكارىلاپ، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ غەربلىكلەر ئېتىراپ قىلغان يولدا تەرەققىي قىلىپ، ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىكى ۋە جۇغراپىيەلىك ئۈستۈنلۈكىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە سەل قارىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. تەرجىمە تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا پەقەتلا بىر ۋاستە، خۇددى چەن جۇڭشۇ ئېيتقاندەك: «ئارىغا چۈشكۈچى ۋە ئالاقىچى بولۇپ، مو يەننىڭ ئەسەرلىرىنى ئىدىيەۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكى تۈپ جەھەتتىن گۈزەللەشتۈرگىلى ياكى خۇنۈكلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. مو يەننىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىشى ئەسەرلىرىنىڭ چەت ئەلگە تەرجىمە قىلىنىشى ۋە تارقىلىشىغا باغلىق بولغان، بىراق، تەرجىمان باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشنى ئەمەس، بەلكى مو يەننىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشنى تاللىغان، چۈنكى، ئەسەرنىڭ تەسىر قىلىش كۈچى ئەسەرنىڭ سۈپىتىدە نامايان قىلىنغان.»

تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر تەرجىمشۇناسلارنى تەربىيەلەش ۋە تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر خەنزۇشۇناسلارنى تېپىشنىڭ مەقستى جۇڭگو ئەدەبىياتىنى خەلقئارادا ئېتىراپ قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسلىق چىقىش يولىنى ھەل قىلىش ئەمەس، جۇڭگولۇق يازغۇچىلارنىڭ مۇشۇنىڭغا ئاساسەن تېخىمۇ كۆپ خەلقئارالىق چوڭ مۇكاپاتلارغا ئېرىشىشمۇ قىيىنغا توختايدۇ. ئەدەبىي تەرجىمە بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي خاراكتېرلىكى ناھايىتى كۈچلۈك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى بولۇپ، ئەسلىي ئەسەر، تەرجىمە قىلغۇچى، تەرجىمە قىلىش جەريانى، تەرجىمە ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەرنى تارقىتىش ھەم قوبۇل قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن ھالقىلارغا چېتىلىدۇ. بىراق، مۇشۇ بارلىق ھالقىلار تەرجىمە قىلىنغان دۆلەت تىلىدىكى ياردەم بەرگۈچىلەرنىڭ سىستېمىلىق چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. تەرجىمە مەدەنىيىتى تەرەپدارلىرىغا يول باشلايدىغان شەخس نون ئاندېرې لو

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خاۋلې ياردەم بەرگۈچىلەرنىڭ چەك - چېگراسىنى مۇنداق ئايرىغان: «ياردەم بەرگۈچى شەخس بولسىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: مائىدىچى، ماسېي جوناس ياكى لويېس 16، كوللېكتىپ بولسىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: دىنىي تەشكىلات، سىياسىي پارتىيە، ئىجتىمائىي قاتلام، خان جەمەتىنىڭ ئوردا ۋەزىرى، نەشرىيات ئورگىنى ياكى مېدىيالار (گېزىت - ژۇرنال ياكى كىنو تېلېۋىزىيە شىركىتى) قاتارلىقلار. ياردەم بېرىدىغان مۇشۇنداق كىشىلەر تەرجىمىدە ماتېرىيال تاللاش، تەرجىمىنى ئۆزگەرتىپ يېزىش ۋە تەرجىمىنى تارقىتىش ھەم قوبۇل قىلىش قاتارلىقلارنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياردەم بەرگۈچىلەر ئادەتتە ئەسەرنىڭ ئەدەبىيلىكىگە ئەمەس، بەلكى ئىدىيەۋى ئېڭىغا دىققەت قىلىدۇ. تەرجىمە قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭ تەرجىمە ئەسىرىنىڭ نەشر قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش داۋامىدىكى ئەركىنلىكى مۇناسىپ چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. يېڭى ئۇقۇرمەنلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەسلىي ئەسەرنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ يېزىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مو يەن بىر شەرقلىق يازغۇچى بولغانلىقتىن، غەرب خەنزۇشۇناسلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا غەربنىڭ مەدەنىيەت تىلى مۇھىتىدىكى نەشر قىلىش ۋە ئەمەلىي ئەھۋالنى قوبۇل قىلىش چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان. تېخىمۇ كۆپ ئوقۇرمەنلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تەرجىمە قىلغۇچى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا مو يەننىڭ رومانلىرىنى مۇۋاپىق پىششىقلاپ ئىشلەپ، يات مەدەنىيەتتىن ھاياتلىق بوشلۇقىنى تاپقان. شۇڭا چەت ئەللىك نۇرغۇن ئوبزورچىلار مو يەننى رومانلىرى رېئالىزملىق تۈس بىلەن ئەمەس، بەلكى فانتازىيەلىك ياكى خىيالىي تۈس بىلەن تولغان، دەپ قارىغان. چۈنكى، چەت ئەللىك تەرجىمانلار باشتىن - ئاياغ شەرقپەرۋەرلىك نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلغان ھەمدە مو يەننىڭ رومانلىرىنى تەرجىمە قىلغان.

بايان مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كىم تەرجىمە قىلىش، كىمنىڭ كۆرۈشىگە تەرجىمە قىلىش مەسىلىسىگە چېتىلىدۇ. شۇنچە مۇنەۋۋەر جۇڭگولۇق تەرجىمانلارمۇ غەربلىكلەرنىڭ غەلىتە نەرسىلەرنى ئىزدەيدىغان نەزەرى ياكى مۇقىم ئېستېتىك ئادىتىنى قاندۇرالمىغاچقا، مو يەندەك جۇڭگولۇق يازغۇچىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەلمىگەن. تەرجىمە ئەسەر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ سۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىنكى مەھسۇلى بولۇپ، تەرجىمە قىلىش جەريانىدىكى «ئىجادچانلىق» دىن ئىبارەت. ئۇ ئەسلىي ئەسەرنىڭ تەرجىمە تىل مۇھىتىدىكى مۇرەسسە قىلىش ھەرىكىتى بولۇپ، جۇڭگولۇقلار جۇڭگونىڭ ئەسەرلىرىنى چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن تەرجىمە قىلسا مەدەنىيەت ۋە ئېستېتىكا پەرقى تۈپەيلىدىن «كۆرۈش سىزىقىنى قوشۇش» مەقسىتىگە يېتەلمەي، تەرجىمە قىلغان ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچى مۇناسىپ ھالدا زىيانغا ئۇچرايدۇ. جۇڭگو ئەدەبىياتى تەرجىمىگە يۈزلىنىشتە ئىككى قىين مۇھىتقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، بىر تەرەپتىن، جۇڭگولۇقلار تەرجىمە قىلغان چەت ئەللىكلەرنىڭ ئەسەرلىرى جۇڭگو مەدەنىيىتىنى خاتا چۈشىنىشنى ئازايتقىلى بولسىمۇ، بىراق ئېستېتىك قاراش ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ تەرجىمە ئەسەرنى ئېتىراپ قىلىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، چەت ئەللىكلەرنىڭ تەرجىمىسى جۇڭگو ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ كۆپ باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتۈرىدۇ، بىراق، چەت ئەللىكلەرنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى خاتا چۈشىنىش ئېھتىمالىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ، شۇڭا جۇڭگونىڭ يازغۇچىلىرى تەرجىمانلارغا تايىنىپ چەت ئەل ئېتىراپ قىلغان ئەگرى - توقاي يوللاردىكى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. جۇڭگو يازغۇچىلىرى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ رېئال تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ، ئەسەرلىرىدىكى مۇنەۋۋەر ئالاھىدىلىككە تايىنىپ، چەت ئەل ئوقۇرمەنلىرىنى جەلپ قىلىشى كېرەك، بىراق، تەرجىمە ۋاستىسىنى خەلقئاراغا يۈزلىنىشتىكى جان قۇتقۇزىدىغان ئەڭگۈشتەر، دەپ قارىماسلىقى كېرەك. مو يەننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەل مۇشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

شى ئوڭخۇي ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «نۇر گېزىتى»نىڭ 2015 - يىلى 30 - مارتتىكى سانىدىن **مۇھەممەد تۇراپ** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: توقسۇ ناھىيەلىك خەلق بانكىسىدا.




## قويۇپ بېرىڭ

شامال سەۋەب ئېھتىمال،
تۈندە ئىشىك غىچىرلار.
باشلىنىدۇ قىشلاقتا،
شۇندا پىچىر-پىچىرلار.

سىزگە نېمە؟
سىز ئۇخلاڭ،
ھېچ ئىشىڭىز بولمىسۇن.
كىمدە كىمنىڭ كۆڭلى بار،
قويۇپ بېرىڭ ئوينىسۇن.

ئاشىقلىرىم ئاشىقتەك،
مەيلى كۆڭۈل خوشلاشسۇن.
ئىككى ئاشىق خالىسا،
شامال بىلەن ئويناشسۇن.

ئۆكسىمىسۇن قىز قەلبى،
يىگىت رايى ئۆلمىسۇن.
كىمدە كىمنىڭ كۆڭلى بار،
قويۇپ بېرىڭ ئوينىسۇن.
غەيۋەت قىلماڭ يىگىتنى،
ئۇيالدۇرماڭ قىزنى ھەم.
شۇنداق ئوتلۇق مۇھەببەت،
سىلاپ ئۆتسۇن سىزنى ھەم.

بىر سوغۇق سۆز تۆپەيلى،
سۆيگۈ بىغى سولمىسۇن.
كىمدە كىمنىڭ كۆڭلى بار،
قويۇپ بېرىڭ ئوينىسۇن.

نېسىپ ئەتمەي يار ۋەسلى،
ئەمدى ھىجران قىينىسۇن.
كىمدە كىمنىڭ كۆڭلى بار،
قويۇپ بېرىڭ ئوينىسۇن.

ئىككى يارنىڭ باشىدا،
پارلىسۇن ئىشق قۇياشى.
قىزغا ھايا، يىگىتنىڭ،
غۇرۇر بولسۇن يولداشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


دىدارىغا ئۈزئارا،
قاراپ- قاراپ تويىمسۇن.
كىمدە كىمنىڭ كۆڭلى بار،
قويۇپ بېرىلىك ئۈينىسۇن.

## بار بولسۇن

قىز بار ئۆينىڭ پەيزى بۆلەك دەيدۇلەر،
جەننەت يولى — قىز بار يۆلەك دەيدۇلەر.
ھاياتىمدا ئوغلۇم يوق دەپ ئۆكۈنمەڭ،
تاغ بولمىسا قىز ھەم تىرەك، دەيدۇلەر.
ئەلنىڭ بەختى باتۇرلارغا يار بولسۇن،
ئامىنلەر، خالىدەلەر بار بولسۇن.

قىز يوق يۇرتقا ئېيتىڭ، كۆكلەم خۇشتارمۇ؟
كېلىنى يوق تويلار تويغا ئوخشارمۇ؟
قىزلار باركى ئۆلكە ئامان، يۇرت ئامان،
قىز كۈتمىسە يىگىت دەريا كېچەرمۇ؟
جان تەسەددۇق، ساداقىتىڭ تۇمار بولسۇن،
مەسۇدەلەر، مەھزۇنەلەر بار بولسۇن.

قىزى يوقنىڭ ئايسىز خامۇش ئاسمانى،
قىزى بارنىڭ قەسىردۇر خانادانى،
شۇ مۇڭدىشلىك، شۇ سىردىشلىك، پەرۋانەڭ،
يىگىت يولنىڭ، قىز كۆڭۈلنىڭ سۇلتانى.
ئاتا ئۆيدە ھەر كۈنى باھار بولسۇن،
مەۋلۇدەلەر، مەسۇدەلەر بار بولسۇن.

ئەي، مۇھەممەد، ئالتە ئاغا- ئىنىڭ بار،
بىردە ياخشى، بىردە يامان كۈنۈڭ بار.
بىر كۈن بېشىڭ يەتسە ئەگەر ياستۇققا،
قىزلىرىڭدىن يېقىن يەنە كىمىڭ بار؟
ئەلچىلىرى ئىشكىدە زار بولسۇن،
نازىمەلەر، مەدىنەلەر بار بولسۇن.

* * *

بىر كۈنى
يېنىمغا كېلىمەن،
دېيمەن، مەن سېنى كۈتكەن بالا مەن،
ئاڭلايسەن ئېچىلىپ سەن خەندان،
مەن سېنى سۆيىمەن، سۆيىمەن.

كەل دەيسەن، كۈن سوغۇق، ئولتۇرغىن،
كۆز ئالدىم لەيلى ۋە ئەتىرگۈل.
خانەمدە ئايلىنىپ يايرايمەن،
مەن سېنى سۆيىمەن، سۆيىمەن.

كىم ئۇ، جىم كۈلدۇ، كۈلدۇ،
بىلدۇرمەي ئەركىلەپ كېلدۇ.
مەيلى مەن غەلىتە تەلۋە مەن،
مەن سېنى سۆيىمەن، سۆيىمەن.

كەل، دەيسەن، ئاھ، مۇنچە كېچىكتىڭ،
يوق ئەمدى ئۇ غۇنچە، كېچىكتىڭ.
باق يىگىت، ئەتراپىڭ قەھرىتان،
مەن سېنى سۆيىمەن، سۆيىمەن.

سەن تۇرغان جاي ئەمدى يات دالا،
قولۇمدا قارا كۆز بىر بالا،
مەن ئەمدى نەزمەمدە نالەيمەن،
مەن سېنى سۆيىمەن، سۆيىمەن.

## مۇھەببەت

مۇھەببەت، ئەي، گۈزەل ئىزتىراپ،
ئەي، كونا دەرد، ئەي، كونا تۇيغۇ.
كۆكرىكىمگە قولۇمنى نىقتاپ،
يۈرىكىمنى چۈۋۈپ قويدۇمغۇ.

قانچە قىزلار ماڭا زار ئىدى،
نە غەم، نە ئەندىشەم بار ئىدى؟
قۇشتەك يەڭگىل روھىم بار ئىدى،
چاك- چېكىدىن سۆكۈپ قويدۇمغۇ.

نە قىلاردىڭ ماڭا تېگىپ سەن،
يېگىلمىگەنىدىم، يېگىپ سەن،
باشلىرىمنى يەرگە ئېگىپ سەن،
قامىتىمنى پۈكۈپ قويدۇڭغۇ.

سەن مەن ئۈچۈن بىر خىيال ئىدىڭ،
ياخشى بولساڭ ياندا قال، دېدىڭ.
جان كېرەكمۇ، مانا ئال، دېدىم،
قىيناپ بولساڭ، قىيناپ تويدۇڭغۇ.

بىلەلمىدىم، نېمە مەقسىتىڭ،
ماڭا بىر جۈپ گۈلنى ئاسرىدىڭ.
بىرنىڭ ئاتىن كۈمۈش ئاتىدىڭ،
بىرنىڭ ئاتىن زەينەپ قويدۇڭغۇ.

مۇھەببەت، ئەي، گۈزەل ئىزتىراپ،
كوچاڭ كەزدىم، سەرسان تەمتىرەپ،
يۈزلىرىمگە يۈزلىرىم تىرەپ،
كۆزلىرىمنى باغلاپ قويدۇڭغۇ.

## چۈشلىرىمگە كىر

كىپىنەكتەك كېلىپ،
قېشىمغا قونۇپ.
كۆزۈڭگە تەلمۈرۈپ ئۆمرۈم ئۆتەمدۇ؟
نېملەر كۆرمىدىم مەن يىگىت بولۇپ،
چېچىڭنى سىيلاشقا قولۇم يەتمەيدۇ.

پېشانەم شۇ ئىكەن، پېشانەڭ شۇدۇر،
چۈشۈمگە كىر ئەمدى، چۈشلىرىمگە كىر.

تاپىنىڭ سۆيىدۇ ئېرىقتىكى سۇ،
كۆڭلىكىڭ ئېتىكىن سۆيىدۇ مايسا.
مەنچۇ؟ بىر گىياھ بولالمىدىمغۇ،
ئەي، كۆزلىرى جەرەن، كىرپىكى ئۇقيا!

پېشانەم شۇ ئىكەن، پېشانەڭ شۇدۇر،
چۈشۈمگە كىر جانىم، چۈشلىرىمگە كىر.
ئۆتمەكتە بۇ ئۆمۈر گوياكى كارۋان،
كۈنلىرىڭ بويىندا يۈرەك قوڭغۇراق.
مەن ساڭا ئارمانۇ — سەن ماڭا ئارمان،
كۆڭلۈمنىڭ تۆرىدە تۇتار شام- چىراغ.

پېشانەم شۇ ئىكەن، پېشانەڭ شۇدۇر،
چۈشۈمگە كىر جانىم، چۈشلىرىمگە كىر.

كىپىنەكتەك كېلىپ، قېشىمغا قونۇپ،
كۆزۈڭگە تەلمۈرۈپ ئۆمرۈم ئۆتەمدۇ؟
قالدىڭغۇ باغرىمدا جانىمدەك بولۇپ،
چېچىڭنى سىيلاشقا قولۇم يەتمەيدۇ.

پېشانەم شۇ ئىكەن، پېشانەڭ شۇدۇر،
چۈشۈمگە كىر جانىم، چۈشلىرىمگە كىر.

* * *

بېكەتلەردە قالمەن، يالغۇز،
ئېيتار سۆزۈم جىمىپ كېتىدۇ.
تىرامۋايلار سېنى ھەر كۈنى،
بادامزارغا ئېلىپ كېتىدۇ.

تەلمۈرىمەن يوللىرىڭغا جىم،
بىقىپ كۆزۈم تىلىپ كېتىدۇ.
بادامزارغا سېنى ھەر كۈنى،
تىرامۋايلار ئېلىپ كېتىدۇ.

تۆمۈريولغا باشلىرىن ئۇرۇپ،
چاقلار ئاچچىق نالەپ كېتىدۇ.
بادامزارغا سېنى ھەر كۈنى،
تىرامۋايلار ئېلىپ كېتىدۇ.

يۈر، دەپ ئۆزۈم كېتەر يوللارغا
بۇرالمايمەن تىرامۋايلارنى.
سوقالمايمەن تىرامۋايلارنى
ئۇرالمايمەن تىرامۋايلارنى،
كۆرەلمەيمەن تىرامۋايلارنى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


***

رومالىڭنى بويىما،
بىلەلمەستىن يۈدۈردۈم.
ئاتاڭ سېنى بەرمەي، مەن
ئالمەن دەپ كۆيدۈردۈم.

مېنى سۆيسەڭ كۇپايە،
سەن سۆزۈڭدە تۇر جانىم.
ئاتاڭنى ئۆزۈم يولغا
سالمەن، دەپ كۆيدۈردۈم.

مالامەتلەر يىغىلسۇن،
تاشلار ياغسۇن بېشىمغا.
مەن ئەھدىمگە ۋاپادار،
بولمەن، دەپ كۆيدۈردۈم.

ئاتاڭ سېنى بەرمىدى،
تەقدىر دېدىم، ھەم كۆندۈم.
مەن بىچارە بىر شائىر،
بالامەن، دەپ كۆيدۈردۈم...

***

— ساڭا سۆيگۈم بىرەيمۇ؟
— بەر قېنى.
— ئۇ، تۇپراققا كۆمۈلگەن.
— بەربىر.
— مەن پال ئاچسام دېگەنتىم،
— ئاچ قېنى.
— سوئال قويسام دېگەنتىم،
— سوراۋەر.
— ئىشىك قاقسام نى دەرسەن؟
— كىر، دەيمەن.
— مەن بىلەن يۈر، دېسەمچۇ؟
— يۈر دەيمەن.
— يولدا كۆلپەت كەلسەچۇ؟
— چىدايمەن.
— ئەگەر مەن ئالدىسامچۇ؟
— كەچۈرىمەن.
— قوشاق ئېيتقىن دېسەمچۇ؟
— ئېيتىمەن.
— دوستۇڭدىن كەچ دېسەمچۇ؟
— كېچىمەن
— ئادەمنى ئات دېسەمچۇ؟
— ئاتىمەن.
— چېچەك يۇلغىن دېسەمچۇ؟
— يۇلىمەن.
— بوغۇلۇپ قالسام نىتەرسەن؟
— قۇللايمەن.
— جېنىڭغا زەخمەت يەتسەچۇ؟
— چىدايمەن.
— سۆيگۈ بىرەيمۇ ساڭا؟
— سۆيگۈ.
— ئەسلا بەرمەيمەن.
— نە ئۈچۈن؟
— چۈنكى مەن قۇللارنى سۆيمەيمەن.

## ئۈپ مېنى

مېنىڭ غەملىرىم ھەم چاچلىرىمدىن كۆپ،
ئارقامدا سايىدەك يۈرۈشەر توپ-توپ.
سالامەت بولسام‌لا ھەم بىر غەنىيمەت،
ئۈپ مېنى، سۆيگىنىم، ئۈپ، يەنە بىر ئۈپ.

كۆكۈل يىغلار، قارا كۆزلەر تانىماقتا،
كۆكرىكىمگە كۆكسۈڭ قويغىن-يانماقتا،
لەرزىگە كەلمەكتە روھىم شۇ تاپتا،
ئۈپ مېنى، سۆيگىنىم، ئۈپ، يەنە بىر ئۈپ.

ئەي، مېنىڭ جاللىتىم، ئەي، مېھرىبانىم،
كۆكىم تۇپراق مېنىڭ، تۇپراق ئاسمىنىم،
تىلىمنىڭ ئۈچىغا كېپ قالدى جېنىم،
ئۈپ مېنى، سۆيگىنىم، ئۈپ، يەنە بىر ئۈپ.

بىلەمسەن، كېچىلەر تىلسىز بىر تىلسىم،
چۈشلەرگە سىڭىپ كېتەمدىم، ئۇنى كىم بىلسۇن،
تاڭدا تۇرالامدىم، يوق، ئۇنى كىم بىلسۇن،
ئۆپ مېنى، سۆيگىنىم، ئۆپ، يەنە بىر ئۆپ.

ئاسانلىق بەر، جېنىم ئۈزۈلسۇن شۇنداق،
سۆيگۈنىڭ دەردىدىن قۇتۇلاي بىراق،
قاشلىرىڭ دار بولسۇن، چاچلىرىڭ سىرتماق،
ئۆپ مېنى، سۆيگىنىم، ئۆپ، يەنە بىر ئۆپ.

بىزلەر ئاجىز بەندە ئەجەلدۇر ھەكىم،
ئاشىق سەن دەپ مېنى، بوغمىغىن ئەركەم،
بۆسەڭدىن بوغۇلۇپ ئۆلەي، ئۆلسەم ھەم،
ئۆپ مېنى، سۆيگىنىم، ئۆپ، يەنە بىر ئۆپ!

## بەختلىك بولمىز

مەيلى دە، كىمگە دۇر
ياقسا، ياقمىسا،
ئۇلارغا قوشۇلۇپ
يىغلىشارمىدۇق.

بىز بەختلىك بولمىز
خۇدا خالىسا،
خۇدا خالىمىسا
ئۇچرىشارمىدۇق.

رەيھان ھىدلىرىڭنى
يوللىرىمغا سەپ،
كۈت مېنى
ھەر ئاخشام
كۆككە ئاي چىققان.
پەقەت يىغلىمىغىن
گۇناھىم نە دەپ،
ئايدەك
ئاناڭ سېنى
چىرايلىق تۇغقان !...

ماڭا بىر تەبەسسۇم
سوۋغا ئەت، ئەي، يار،
نۇر تامسۇن
لەۋلىرىڭ
ساھىللىرىدىن،
ئۆزۈك ئېيت
سەندەك قىز
يەنە قايدا بار،
كىرپىكلىرى ئۇزۇن
كوكىللىرىدىن...

ئەيمىنىپ ياشىما
خىيال پەنجىدە،
يېپىل،
يايرا جانىم،
ئۆرتەنمە غەمدە.
غەيۋەتلەرگە چىدا،
تۆھمەتكە چىدا،
سەن يېگانە سەن
يورۇق ئالەمدە.

مەن يەنىلا
ئاشقىڭ سېنىڭ
ئەڭ غېرىب،
تۈندىن سۆز
قەرز ئېلىپ،
تۈنگە تۇتقۇچى.
سېنىڭ يېنىڭدا ھەم
سېنى ئاختۇرۇپ،
سېنىڭ يېنىڭدا ھەم
سېنى كۈتكۈچى.

ھېچ بىر
تىز چۆكمەيمەن
ھازىر ئالدىڭدا،
سۆيدۈم،
سۆيگۈنۈمدىن

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۆيۈلاي نىچۈن؟
بارچە پەرشتىلەر
سېنىڭ قەلبىڭدە
تەرەددۇت ئۇرغان
قىزلار مەن ئۈچۈن.
بىز بەختلىك بولمىز
خۇدا خالىسا،
خۇدا خالىمىسا
ئۈچرىشارمىدۇق؟!

## كۆڭلۈمدىكى يار

مۇھەببەت باغىغا كىرمەكلىكىم بار،
سۆيۈپ بىر گۈلنى، ئاھ، كۆيمەكلىكىم بار.
ئەمدى تۈنلەر يىغلار ماڭا قوشۇلۇپ،
كۆڭلۈمدە بىر يارۇ، قوينۇمدا بىر يار.

بىرى بىرىگە ھېچ ئوخشىماس يارەب،
كۆزۈمنىڭ ياشلىرى توختىماس، يارەب،
كۆيەرمەن بىر ئۇڭا، بىر بۇنىڭغا زەپ،
كۆڭلۈمدە بىر يارۇ، قوينۇمدا بىر يار.

بىرىن پەپىلەيمەن لەۋلىرىم بىلەن،
بىرىن ئەركىلىتىمەن نىگاھىم بىلەن،
ياشايمەن ساۋابۇ، گۇناھىم بىلەن،
كۆڭلۈمدە بىر يارۇ، قوينۇمدا بىر يار.

بىرىنى ھۆر دەيمۇ، بىرىن گۈلئايىم،
سۆيمگىنىم سۆيگۈنۈمدىن مۇلايىم،
بۇ قانداق كۆرگۈلۈك بولدى، خۇدايىم،
كۆڭلۈمدە بىر يارۇ، قوينۇمدا بىر يار.

دەريا مەن، كۆزلىرىم ئىككى قىرغاقتا،
يۈرىكىم ئىككى يان بولۇپ سوقماقتا،
يۈرىكىم ئىككى ئوت ئىچرە قىيناقتا،
كۆڭلۈمدە بىر يارۇ، قوينۇمدا بىر يار.

***

تونۇش كىرەك، ئېرىق ياقىسى،
لاي سۇلارنىڭ ئويناپ ئېقىشى،
تار كوچىدا ئاتلار تاقىسى،
نى چاغ بولدى كۆرمىگىنىمگە.

يالپۇز ھىدى تولغان داللار،
گەپكە چېچەن ئاقباش ئانىلار،
بۆلەنچەكتە ياتقان باللار،
نى چاغ بولدى كۆرمىگىنىمگە.

تاغ كەينىدىن ماراپ چىققان كۈن،
شىپاڭلاردىن ئۆرلىگەن تۈتۈن،
ھويلىدىكى چىلاپچا، چۆگۈن،
نى چاغ بولدى كۆرمىگىنىمگە.

چىمەنلىكتە يالغۇز ئاياغ يول،
ماڭا تونۇش، ماڭا مۇشتاق يول،
ئاھ، قەدىردان بىر جۈپ قاداق قول،
نى چاغ بولدى كۆرمىگىنىمگە.

ياغاچ ئىشىك ئېچىلار سەكىن،
بىر باغرىتاش بولسامۇ لېكىن.
ھازىر يىغلاۋېرىشىم مۇمكىن.
نى چاغ بولدى كۆرمىگىنىمگە.

## ئاي موما

ئاخشاملىرى قوغۇندەك
يۇملايدۇ ئاي يەردە.
ماڭا ئېيتقىن قۇياشنىڭ
ئاستانىسى قەيەردە؟

تىلىلىك بارمۇ، بولسا بىر
كۆي قىتىپ بەر ئاي موما.
شۇ كوچىدا بىر قىز بار،
چاقىرىپ بەر، ئاي موما.

ئۆملەپ بار مەن ئۇچۇن،
ئىشكىگە بېشىڭ ئۇر.
يۈزلىرىگە يۈزۈڭ باس،
قاشلىرىغا قېشىڭ سۈر.

ئۆزىرىم ئېيتقىن يۈرەكتىن،
ئۇنى تاۋاپ ئېتەرمەن.
كېلمەن دەپ ھەر كېچە
كېلەلمىسەم نىتەرمەن؟

قاي كۈن يوقلاپ بارغانتىم،
ئەپسۇس كۆرەلمەي ياندىم.
مەن سۆيۈشنى تۈندىكى
سۈكۈناتتىن ئۆگەندىم.

مەن ئۇچۇن ھەم ئۆزۈڭ بىر
چاي قۇيۇپ بەر، ئاي موما.
سەندىن نۇرلۇق بىر قىز بار،
چاقىرىپ بەر، ئاي موما.

## شائىر سۆيگۈسى

تونۇمايمەن دەيسىز،
بىلمەيمەن دەيسىز.
يارىجان، نازمۇ بۇ،
شوخلۇقلىرىڭىز؟...

مېنى تونۇيدۇ ھەتتا
كىرپىكلىرىڭىز،
سىز تېخى شائىرنى
سۆيمەيمەن دەيسىز.

كۆرۈپ كۆرمەسكە سېلىش
نەقەدەر ئاسان.
سىزغۇ كۆرسىڭىزمۇ ھەم
ئالمايسىز تەن.
مېنى تونۇپ، ھەتتا
ھەر كۈن كوچامدىن
تولغىنىپ، قول سېلىپ
ئۆتەر يارىجان.
بىلمەن، تەخمىنەن
شۇنداق ئويلايسىز:
شائىرلار — دىۋانە،
تۈزەلمەيدىغان،
شائىرنىڭ سۆيگۈسى
ئۆتكۈنچى، دەيسىز،
شائىرلار ئادەمدەك
سۆيەلمەيدىغان.

يەنە، يەنە بىر كۈن
كۈيىڭىزدە مەن.
ئادا بولىدىغان
قۇلغا ئوخشايمەن.
ئەڭ گۈزەل شېئىرىمنى
توييىڭىزدا مەن
شەنىڭىزگە گۈلخان
قىلىپ تۇتايمەن.

قورقماڭ، ياڭرار قوشاق،
تۈگمەس ئويۇن.
كۆرگەنلەر سىزدىن كۆز
ئۈزەلمەيدىلەر.
شائىرلار بۇزالماس
بىراۋنىڭ توينى،
بىراۋنىڭ ئۆيىنى،
بۇزالمايدىلەر.

ئۆزبېكچىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مۇختار مەخسۇت**
(بۇ شېئىرلار شائىرنىڭ 2015 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «شائىر سۆيگۈسى» ناملىق توپلىمىدىن ئېلىندى).

www.uyghurkitap.com




### تەپەككۇر تەرمىچىلىرى

▲ ھەقىقىي كەمتەر ئادەم، باشقىلار ئۆزىنى قانچە داملىغانسېرى، شۇنچە بىئارام بولىدۇ.

▲ ئەپلەپ كۆپ ئۆتكۈزىدىغانلار، نەپ دەپ كۆپ ئۆتكۈزۈۋاتقانلاردۇر.

▲ ئۆزى ۋە ئۆزگىلەرنىڭ خاتالىقىغا يول قويۇش، مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ ئىپادىسى.

▲ چالا ئىش خام تاماققا ئوخشايدۇ، خام تاماقنى باشقىلارغا تەڭلىگىلى بولمىغاندەك، چالا ئىشنىڭ نەتىجىسىنىمۇ باشقىلارغا كۆرسەتكىلى بولمايدۇ.

▲ يامان ئىللەتلىرىڭنى ئۆزگەرتمىسەڭ، يامان ئىللەتلەر سېنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

▲ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار ماختىنىشقا ئەڭ ھېرىسمەن كېلىدۇ.

▲ ئۆزۈڭدىن چوڭلارنىڭ خاتالىقىنى كۆزەت، ئەمما ئۇلارغا تەربىيە قىلماستىن، ئۆزۈڭدە بارنى تۈزەت.

▲ كۆڭلۈڭدىكى گەپنى قىلغان ئادەم، دىلىڭدىكى دەردنى بىلگەن ئادەمدۇر.

▲ چۈشىنىش چوڭقۇرلىسا، ئىشەنچ مۇستەھكەملىنىدۇ.

▲ ھۇرۇننىڭ پۇشايمىنى، ئىشچاننىڭ ئارمىنى كۆپ بولىدۇ.

▲ ئەقىلىڭ غەپلەتتە قالغاندا، جىسمىڭغا غەزەپ چاپلىنىدۇ.

▲ تەپەككۇر ئەقىلنىڭ تىنىقى.

▲ ئەقلىڭ ۋە ئەخلاقىڭ باشقىلارنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىكى ئورنۇڭدۇر.

▲ ھەرقانداق نەرسە ئۆز ئورنىغا كەلگەندە، ئاندىن ھەقىقىي قەدىر-قىممىتى بولىدۇ.

▲ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلالماسلىق يامان كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىدۇر.

▲ ياخشى ئىش-ئەمەللىرىڭدىن يامان نەتىجىگە ئېرىشكىنىڭ، دەل يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا قالغانلىقىڭدۇر.

▲ ئىش-پىلانلىرىڭنىڭ بۇزۇلۇپ تۇرۇشى،

### تەپەككۇر كۆزى

ئەتراپىڭدىكى ئىشەنچلىك ئادەملىرىڭنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىڭدىن بولىدۇ.

▲ ھۈنەر- ئىلىمدە، ئەدەپ- ئەخلاقتا، ئىش- ئەمگەكتە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماڭساڭ، جەمئىيەتتىكى ئورنۇڭمۇ تەبىئىي ھالدا باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتىدۇ.

▲ قەلەم كەيپ- ساپا ئۈچۈن تەۋرىسە، ئىزلىرىدىن يالغان- ياۋىداق پۇتۇپ چىقىدۇ.

▲ ھەقىقەت ئىنساننى ئىنساني پەزىلەتكە يېتەكلىسە؛ سەپسەتە ئىنساننى ئىنساني پەزىلەتلەردىن يىراقلاشتۇرۇپ، نەپسىنىڭ قۇلى بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

▲ ئۆزىڭگە راۋا كۆرمىگەننى، باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمەسلىك دىيانەت دەپ ئاتىلىدۇ.

▲ ئابروي- ئىناۋەت يالغانچىدىن ئەڭ يىراق.

▲ ياخشى مېھمان رىزقى بىلەن، يامان مېھمان نەپسى بىلەن كېلىدۇ.

▲ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەنسېرى، شۇنچە ھەددىڭدىن ئاشىسەن، ئۇنى تىزگىنلەپ، توغرا يولغا باشلىغانسېرى، شۇنچە قىممىتىڭنى تاپىسەن.

▲ ياخشىچاق ئادەمنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە پرىنسىپچانلىقى تۆۋەن بولىدۇ.

▲ نىيىتى دۇرۇس بولمىغان ئادەم ياخشىچاقلىق قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ.

▲ ئامىتىڭ كېلىپ بېيىپ كېتىشىڭ مۇمكىن، ئەمما تىرىشمىساڭ، ھۈنەر- ئىلىملىك ئادەم بولۇپ كېتىشىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

▲ چالا- پۇلا بىلگەنلەر، ئەتراپلىق بىلگەنلەرنىڭ ئالدىدا يورغىلاشقا ئامراق كېلىدۇ.

▲ چىن قەلبتىن بولمىغان ھۆرمەت، ياسالمىلىقتىن باشقىسى ئەمەس.

▲ ھەرقانداق مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

▲ ياخشى ئادەملەر ئادەملەرگىلا ئەمەس، تەبىئەتتىكى ھەممە نەرسىگە ياخشىلىق نەزەرى بىلەن قارايدۇ ھەم ئۇنىڭغا ياخشىلىق قولىنى سۇنىدۇ.

▲ يامان دوست يامان ئىشنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

▲ مەسئۇلىيەتسىز ئادەملەرگە بۇيرۇغان ئىشلىڭ قانچە كۆپ بولسا، بۇزۇلغان ئىشمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

▲ بىلىمنىڭ ئەڭ سادىق، ئەڭ ئىشەنچلىك ھەمراھى دەل تەپەككۇردۇر.

▲ ئەقىللىق ئادەملەر ھېكمەتنىڭ مېغىزىنى چاقىدۇ، نادان ئادەملەر شاكىلىنى پاراسلىتىپ ئەخمەقلەرچە كۆڭلىنى ئاچىدۇ.

▲ نەپسى يامانىنىڭ كۆزى، تارتىنچاقنىڭ يۈزى ئەڭ تېز قىزىرىدۇ.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ مەينەت نەرسە، دەل ۋىجدانىڭنى بۇلغىغان نەرسىدۇر.

▲ ئاز سۆزلەش، كۆپ ئىش قىلىش دانالىق جۈملىسىدىكى ئىش.

▲ نادان كاللىغا ھېكمەت تەسىر قىلمايدۇ.

▲ يارامسىز ئادەملەر ئىشنى دىلىدا ئەمەس، تىلىدا قىلىدۇ، تەر تۆكۈپ ئەمەس، گەپ سېتىپ جان ساقلايدۇ.

▲ ئەدەپ ئىزدەش بۈيۈكلۈككە، ئىلىم ئىزدەش يورۇقلۇققا باشلايدۇ.

▲ ئەلنىڭ غېمىنى قىلىدىغانلارنىڭ ئىشلىرى دۇرۇسلۇقتا ئۆتسە، ئۆز نەپسىنىڭ غېمىنى قىلىدىغانلارنىڭ ئىشلىرى بۇزۇقلۇقتا ئۆتىدۇ.

▲ ئۆزۈڭنى بۇلغىماي دېسەڭ، قانائەتنىڭ پېشىنى چىڭ تۇت، چۈنكى، قانائەت نەپسىڭنى يۇيىدىغان سوپۇن.

▲ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر- مۇھەببەت ۋە ئىشەنچنى راستچىللىق باغلاپ تۇرىدۇ.

▲ دەردىڭنىڭ داۋاسىنى ئەقلىڭدىن ئىزدىسەڭ توغرا ھەم تېز تاپالايسەن.

— مۇھەممەدجان ئابدۇغېنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمدىن.

## مۇھەببەت ھەققىدە دۇردانىلەر

▲ مۇھەببەت — قەلب ئېتىزىدا ئېچىلغان چىرايلىق گۈلدۇر.

▲ مۇھەببەت — قەلبتىن ئېتىلىدىغان مۇقەددەس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ناخشىدۇر.

▲ مۇھەببەت — تاڭ سەھەرنىڭ ساباسىدۇر.

▲ مۇھەببەت — تولىمۇ ئالىي، تولىمۇ سىرلىق تۇيغۇدۇر.

مۇھەببەت — ئۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مۇڭلۇق مۇزىكىدۇر.

▲ مۇھەببەت — بېغىشلاش، ئۆزىنى ئاتاش، كۆيۈش ۋە سۆيۈشتۇر.

▲ مۇھەببەت — ئىنسان ھاياتىنىڭ بىلەي تېشىدۇر.

▲ مۇھەببەت — قەلبتىكى قۇياشتۇر.

## ھاراق ھەققىدە

▲ ھاراق — ھاياجاندىن كۈلدۈرۈپ ۋە يىغلىتىپ جاننى ئالغۇچى ئەزرائىلدۇر.

▲ ھاراق — ئۆمۈرنىڭ شېرىن دۈشمىنىدۇر.

## ئەقىل ھەققىدە

▲ ئەقىل — ھاياتنىڭ نۇرلۇق مەشئىلىدۇر.

▲ ئەقىل — بۈيۈكلۈكنىڭ بەلگىسىدۇر.

▲ ئەقىل — پاراسەت جەۋھىرىدۇر.

▲ ئەقىل — باھاسىز بايلىقتۇر.

▲ ئەقىل — ئىنساننى بەختكە باشلىغۇچى پاراۋۇزدۇر.

## ھايا ھەققىدە

▲ ھايا — دىلنىڭ ۋە تىلنىڭ زىننىتىدۇر.

▲ ھايا — ھەرىكەتنىڭ ھەمراھىدۇر.

▲ ھايا — ئىنساننىڭ ئەخلاق دەرىخىدىكى ئەڭ چىرايلىق بىر مېۋىلىك شاختۇر.

**— ئوبۇلھاشىم ئەخەت**

ئاپتور: قەشقەر شەھىرى مەدەنىيەت يولى پوچتا مەكتەپ ئائىلە قورۇ 30 - خەت ساندۇق.

## تۇرمۇشتىكى ماقال - تەمسىللەر

▲ ئادەمنىڭ كۆڭلى يورۇق بولسا، يولۇڭمۇ يورۇق بولىدۇ.

▲ نىيىتى يامان ئادەم نىجاسەت ئىزدىگەن چۈنىگە ئوخشاش، كىشىلەردىن ئەيىب ئىزدەيدۇ.

▲ يالغانچىنىڭ تىلى ھارغان بىلەن دىلى ھارمايدۇ، ئەمما ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ.

▲ نومۇسسىز ئادەمنىڭ كۆزى قىزارغان بىلەن يۈزى قىزارمايدۇ.

**— ئابلىمىت قۇربان**

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

## ھايات چېقىنلىرى

▲ ئۆزىنىڭ بىر ئىنسانلىقىنى بىلىش، ھايات ئىمتىھانىدىكى لاياقەتلىك نومۇر...

▲ ھاياتتىكى ئەڭ يېقىملىق، ئەڭ بەدەلسىز مۇئامىلە سەدىقە — سالام - سەھەتتۇر.

▲ قىممىتىڭ ئېتىراپ قىلىنىش ئارقىلىق يارىتىلسا، ئىناۋىتىڭ ئەمەلىي قىلىنغان پايدىلىق ھەرىكىتىڭ ئارقىلىق تىكلىنىدۇ.

▲ ساختا، چاكىنا ۋاپادارلىقنىڭ ھەممىسى شەكلى ئۆزگەرگەن ۋابادۇر...

▲ سەبىيلەر دىلىغا تەگكەن ساختىلىق ئۇششۇكلىرى كۆچەتلىرىمىزنى مېۋىلەتمەي تۇرۇپلا قۇرۇتلىشىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

▲ تۆلەنگەن بەدەل ئىچىدە بالا تەربىيەسىگە، بالىنىڭ روھىي تەرەققىياتىغا سالغان بەدەل — ئەڭ ئەھمىيەتلىك بەدەلدۇر.

▲ تەمەگەرلىكتىن ئىبارەت يارىماس خاراكتېر خورلۇقنى ئېلىپ كەلسە، قانائەتچانلىق، كەڭ قورساقلىق ئالىي ھىممەت ئېلىپ كېلىدۇ.

▲ قەدىر - قىممىتىڭ باشقىلارغا قىلالىغان ياردىمىڭ ئارقىلىق ئاشسا، ئۆزۈڭنى چۈشىنىشىڭ ئۆزۈڭنىڭ خاتالىقىنى كۆرۈشۈڭ، ھەم ئۆزگەرتىشىڭ ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ.

▲ گۈل- گىياھ سۇغا تەشنا بولغاندەك، باللار ئائىلىسىدە ئاتا- ئانىسىنىڭ چۈشىنىشىگە، مېھرىگە، سىردىشىشىغا ئەڭ تەشنا...

**— توختىنىياز ئالىم**

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىن.

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ئۆي تۇتىدىغان خوتۇن ئۆيىنى ياسايدۇ، ئۆي تۇتمايدىغان خوتۇن ئۆزىنى ياسايدۇ.

▲ نامەردنىڭ سۆزىگە باقما، ئۆزىگە باق.

▲ بېخىل قوشناڭ سەندىن نەرسە سورىسا بەرگىن، لېكىن سەن ئۇنىڭدىن ھەرگىز بىر نەرسە سورىمىغىن.

**— رازاق نىياز**

ئاپتور: پىچان ناھىيە پىچان يېزا يېڭىيەر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى.

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ مۇھەببەت ھىجرانغا ئايلانغاندا كۈچ- قۇدرىتىنى، ۋىسالغا ئايلانغاندا لەززىتىنى نامايان قىلالايدۇ.

▲ پىتنە- پاسات — ۋاقتى كەلگەندە ئۆزلۈكىدىن يوقايدىغان ۋىرۇس.

▲ ئىگىسى يوق ئىش تاشلىنىپ قالىدۇ، ئىگىسى يوق پۇل تالاشتا قالىدۇ.

▲ مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرىدىغىنىمۇ خەلق، تۈگەشتۈرىدىغىنىمۇ خەلق.

▲ كۈتكىنىڭ كۈندە ئەمەس، كۈتۈلمىگەندە كېلىدۇ.

▲ باللىق ئادەم بايلىقنى كۆزلىمەي، باللىرىنىڭ بارلىقنى كۆزلىشى كېرەك.

▲ تارىخنىڭ بوران- چاپقۇنىنى باشتىن كەچۈرگەن كىشىلا تىنچلىقنى چىن دىلىدىن قوغدايدۇ.

▲ ئاچ كۆز كېلىنچەكلەر چاچ قىسقۇچنىڭ قانچە تال كۆزنىڭ چۈشۈپ قالغىنىنى ئېنىق بىلىدۇ، بىراق، قېيىنئانىسىنىڭ قولىدا قانچە تال قاداق بارلىقنى بىلمەيدۇ.

▲ يورۇقتا يېقىلغان مەشئەلنىڭ نۇرى كۆرۈنمەي ئىسى كۆرۈنەر.

▲ ئاغىنەڭنىڭ ھارىقنى ئىچىشىپ بەرسەڭ جېدىلىگە شېرىك بولىسەن.

▲ مەكتەپتە ئوقۇيالمىساڭ، مەشرەپتىمۇ ئوينىيالمايسەن.

▲ كونىغا كۆنگەن يېڭىنى ياراتماس.

▲ بەزىلەر ئۇيقۇدىن بىر كۈندە نەچچە ئويغىنىدۇ، لېكىن، مۇشۇنداق ئۇخلاۋەرسە نادانلىقىدىن مەڭگۈ ئويغانمايدۇ.

▲ مائارىپ سېپىدە مەڭگۈ چاقنايمەن دېسەڭ ئاۋۋال ئۆزۈڭنى شام قىلىپ ياق، ئاندىن مول بىلىمىڭ بىلەن غۇبارسىز قەلبلەرگە تاكى تۈگىگۈچىلىك ئاق.

▲ ئىشەنچىسىز دوستۇڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە دەسلەپتە ئاۋايلاپ دەسسەپ باق، ئاندىن كۈچەپ سەكرەپ باق، ئەڭ ئاخىرىدا دولقۇنلۇق سۇدەك ئالدىڭغا ئاق.

▲ بالاڭغا مىراس قالدۇرمىساڭ مەيلى، لېكىن ئۇنى نادان قالدۇرما.

**— پاشاگۈل تۇرسۇن**

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا گەمىساڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى.

## تەپەككۇر گۈلزارى

▲ كەمتەرلىك چېكىدىن ئاشقاندا ئەخمىقانىلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

▲ سۆيگۈ ئەخمەقنى ئەقىللىق، يامانىنى ياخشى، بەختسىزنى بەختلىك قىلىدۇ.

▲ مىللەتنىڭ مۇھىم بايلىقى — خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدۇر.

▲ سەمىمىلىك كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ، بەتنىيەتلىك بولسا ھاڭغا تاشلايدۇ.

▲ ھەقىقەت ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق يولىدىكى

ئۆچمەس قۇياش، ھەقىقەتنى تۇسۇيمەن دېيىش خۇددى كۈن نۇرىنى ئېتەك بىلەن ياپماقچى بولغاندەك ئەڭ چوڭ نادانلىق.

▲ ئوغۇل بولساڭ پەزىلەتتە گۈل ئاچقىن، ئەل ۋەتەننىڭ بەختى ئۈچۈن يول ئاچقىن.

▲ ئاغزىڭ ئاستا بولسىمۇ، پۇت- قولۇڭ ئىتتىك بولسۇن، بەرىكەت تاپىسەن.

▲ گاداي بولساڭمۇ پاك بولساڭ، باي بىلەن تەڭ ۋە ئىنسابسىزدىن ئۈستۈن تۇرىسەن.

▲ تۈز تارتقىلى بولمايدىغان ئارقان يوق، تۈزەتكىلى بولمايدىغان خاتالىق يوق.

▲ سۇنىڭ مەنبەسى بولىدۇ، دەرەخنىڭ يىلتىزى بولىدۇ.

▲ ھۈنىرىڭنى ئالقىنىڭدا تۇتۇۋالما، ئەيىبىڭنى قولتۇقۇڭغا تىقىۋالما.

▲ ياخشى كىتابنى ئاچساڭ ئاۋۋال ئۈمىدكە تولىسەن، ئاندىن خۇشاللىققا.

▲ مىڭ دوست كۆپلۈك قىلماس، بىر دۈشمەن ئازلىق قىلماس.

▲ ھاياتىڭ خەلقىڭگە بېغىشلانسا، ئۆلسەڭمۇ ھاياتتەك ياشايسەن.

▲ بىر ئادەم توختاۋسىز ئۈمىدۋارلىققا ئىنتىلىپ ياشايدىكەن قېرىمايدۇ.

▲ دۇنيانىڭ چوڭ يولى قىستا- قىستاڭ بولىدۇ.

▲ ھاياتتىن تولۇق پايدىلانساڭ، ھاياتىڭنى ئۇزارتالايسەن.

▲ ھاياتنىڭ مەقسىتى تەبىئەت بىلەن ماس ھالەتتە ياشاشتىن ئىبارەت.

▲ ئۆزۈڭنى ئەل ئارىسىغا تونۇتقانمۇ ئۆزۈڭ، ئەتراپىڭنى يورۇتقانمۇ ئۆزۈڭ.

— ئىمىن ھاشىم

ئاپتور: تېكەس ناھىيە بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتتىن.

▲ ئوقۇتقۇچىنىڭ كىيىمگە سەپسالماي بىلىمگە سەپسال.

▲ لەۋزىدە تۇرغان دەۋادىن يىراق.

▲ بالىنى كىم بېقىش مۇھىم ئەمەس، قانداق تەربىيەلەش مۇھىم.

▲ قەرزسىز ياشاشنىڭ ئۆزى چوڭ بايلىق.

▲ تەقدىرىڭنىڭ كاجلىقىدىن ئاغرىنماي، ئۆزۈڭنىڭ تەدبىرسىزلىكىڭدىن ئاغرىن.

▲ بىلىملىك پەرزەنت ئالتۇندىن ئەلا.

▲ تىرىشچان ۋاقىتنى يېتىشتۈرەلمەي ئاۋارە، ھۇرۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزەلمەي.

▲ تاماخور كىشى تاج تاقىغان تەقدىردىمۇ، بېشى مۈرىسىدىن ئۈستۈن بولالمايدۇ.

▲ ھەققانىيەت ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ.

▲ ھىممەت مىننەتسىز بولسا، قىممىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

▲ كېرەكسىز نەرسىلەرنى كېرەكلىك نەرسىلەرگە ئايلاندۇرالىغان كىشى ھەقىقىي قىممەت ياراتقان كىشىدۇر.

▲ توغرا يولغا ماڭمىغانلار، باشقىلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرەلىشى ناتايىن.

▲ گۈل- گىياھلاردىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلگەن ئادەم ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇپ، ئوغۇتلاپ پەۋرىش قىلىشنىمۇ بىلىشى كېرەك.

▲ ئېرىشىش بار يەردە چوقۇم يوقىتىشمۇ بولىدۇ.

— تۇردى ئاۋۇت ئۆچمەس

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە تېرىم بازار «ئۇزۇن سەپەر» موتوسىكلىت رېمونت قىلىش تەربىيەلەش مەركىزىدە.

**بۇ ساندىكى ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر: مۇختار مەخسۇت، ئىمىن ئەخمىدى.**

مۇختار مەخسۇت

# ئافرىقا سەپىرى



بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىدىن تەشكىللەنگەن 30 كىشىلىك ئۆمەك ئافرىقىدىكى سېنگال، رۋاندا، سېيشىل قاتارلىق ئۈچ دۆلەتتە باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئويۇن قويۇش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدە بولدۇق.

## باھار ئەلچىسى

قىش قوينىدىن چىقىپ باھاردەك،
باھار ئېلىپ كەلدۇق باھارغا.
نەگە كەتتى بۇندا تۆت پەسىل،
ئوخشىماسكەن بىزنىڭ دىيارغا.

كۆكتىن چۈشتى شەرق يۇلتۇزلىرى،
چاقناپ كەتتى ئافرىقا بىردىن.
تەڭرىتاغنىڭ سەنەم قىزلىرى
گۈزەل ئىكەن، دېدى ئەتىردىن.

مەستخۇش بولدى مۇقام كۈيىدىن،
تاڭ قالدۇردى باشلاردا چىنە.
رەققاس شۇنداق بولامدۇ ! ـــ دېدى،
چال، دولاننى، ئوينايلى يەنە!

نېمە بوپتۇ چىرماشسا دىللار،
ئۆڭلىرىمىز قالسا ئوخشىماي.
كۆزىنگمۇ بار ئاق ۋە قارىسى،
تون قوينىغا زىننەتتۇ شۇ ئاي.

دېمەڭلەر يوق سەنئەتنىڭ تىلى،
تۇيغۇ دېمەك، سەنئەتنىڭ تىلى.
تونۇسلا دىللارنى دىللار،
بىلىنمەيدۇ مىللەتنىڭ تىلى.

قىش قوينىدىن چىقىپ باھاردەك،
باھار تۆكتى سەنئەت سەپىرى.
ۋىسال تاپتى دوستلۇق ئاناردەك،
پەرۋاز قىلىپ تىنچلىق كەپتىرى.

## سېنگال

بىر يېنىڭدا ئوكيان ئاقىدۇ،
بىر يېنىڭدا سەھرايى كەبىر.

**دۇنيا دوستلۇق سەپىرىدىن ھاسىلاتلار**

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



لىۋىڭ چاڭقاقتۇر قان ئاقىدۇ،
ساڭا ھەيران قالىدۇ ئەسىر.

ئەركەكلىرىڭ تۆكلۈك سايىمۇ،
يا چۆللۈكتە قاتقان مىس ھەيكەل.
چوكانلىرىڭ قارا شايىمۇ،
ئاھۇ كۆزلۈك، ئۆزلىرى تەمبەل.

چۆل يېنىڭدا كۆيمەپسەن ئەجەب،
ئوكيان يېنىڭدا ئاقماپسەن ئەجەب.
ياشاپ كەپسەن مەزمۇت تىرەجەپ،
گۆھەر كەبى چاقناپسەن ئەجەب.

سېنگال، ئەي، مۇڭلۇق سېنگال،
كېچە كەلدىم. بەردىڭ قولۇڭنى.
ئۆمۈردە بىر كەلدى بۇ ۋىسال،
ئۇنتۇمايمەن ئايدەك قوينۇڭنى.

## قۇل ئارىلى

قېتىپ قالغان ھەسرەتلىك ياشتەك،
ئارالدىكى قەدىمىي قەسىر.
مەھەللىلەر خۇددى ئوتقاشتەك،
كەچمىشلەردىن سۆزلەپ تۇرار سىر.

كامىرلاردا قىزلارنىڭ قېنى،
دولقۇنلاردا يىگىت نالىسى.
يىراق ئەلدە خورلاندى تېنى،
شاكىلاتتەك نىگىر بالىسى.

كەتتى ئۆتمۈش، ئۇنتۇلماس كەچمىش،
ئەمدى كىملەر كىمنى ساتمىسۇن.
باھارلارغا يولمىسۇن قىش،
تاڭ قويىندا گۈگۈم ياتمىسۇن!

## رىۋاندا

رىۋاندا،
ئاڭلىغانىمەن، كۆرگەن ئىكراندا،
ئىسسىقلىقتەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان
باللارنىڭ كۆزلىرى نانda،
سەرسان بولۇپ ئاتىلار
تېنەپ يۈرگەن چۆل - باياۋاندا،
تۇل چوكانلار قارا مەجنۇنتال،
تولغىنىدۇ ئاچچىق پىغاندا...
قاپتۇ پەقەت ئەمدى ئەسلىمە،
ئاداۋەتلەر يۇيۇلۇپ قاندا...
ئېگىز - پاكار دېمەي باراۋەر
تەڭ ياشاپتۇ شۇ بىر ماكاندا.
رىۋاندا،
سۈكۈت بىزنى ئالدى قوينىغا،
تۇم قارا يىگىت
نەملەپ كۆزىنى
تارىخىڭنى ۋاراقلىغاندا،
دېدى: قايتا كەلمەس قاباھەت
سۆيگۈ بىلەن ئەملەندى،
سۇنۇق دىللاردىكى جاراھەت.
جەننەت بولار ئىكەن دوزاخمۇ،
قورساق كەڭ بولسىلا ئىنساندا.

رىۋاندا،
ئوقۇدۇم سېنى —
جىلغىدىكى قەبرىلىرىڭدىن،
تىڭشىدىم سېنى —
ئاق كەپتەرنىڭ ئۈنلەشلىرىنى،
ھەر سەھەردە گۈل تىزىپ كەلگەن
قارا كۆزلۈك نەۋرىلىرىڭدىن،
رىۋاندا...

## سېشىل

سېشىل،
بىر تامچە يېشىمۇ سەن
ھىندى ئوكيانىنىڭ
ياپيېشىل.
دېڭىز سېنى يۇيۇپ تۇرامدۇ؟
ئىپار تىنىق سۆيۈپ تۇرامدۇ؟

مامۇق كۆرپىدەك
ساھىلىڭ ئىپسىل.
ناخشىمىزنى
دورىتالدى شاۋقۇنلار،
ھاردۇقىمىزنى
شورىتالدى دولقۇنلار.
ئەركىلىسەك دېڭىزغا
بىلمىسەكمۇ تىل.
ساھىلدەك سۆيۈلگەن تەنلىرىمىزنى
يالىدى ئاپتاپ،
سۆيۈلۈپ چۈشتى ئەسلىمىز،
تىرىلىپ قالار دېدۇق

قىران پەسلىمىز،
كۆڭلىنىڭ بارماقلىرىمۇ بىر قاتىل.
سېغىنىل،
ياپياش تۇرۇپسەن،
تاغلىرىڭ يېشىل،
باغلىرىڭ يېشىل،
سۇلىرىڭ يېشىل،
تىنىقلىڭ يېشىل،
قىلىقىڭ يېشىل!
قانمىدۇق بىز
چاڭقىغاچقا تەكلىماكاندا
قانچە- قانچە يىل.

# سۆيگۈ تېكىستلىرى

## تار كوچىدا ياغماقتا ئاق قار

مېھرى ئىللىق كونا تار كوچا،
لەپ- لەپ قىلىپ ياغماقتا ئاق قار.
تار كوچىنى كەزسەم دائىما،
يۈرىكىمدە ياندۇ باھار.

يوللار گويا ئاپپاق پايانداز،
شاخ- شاخلاردا كۈمۈش چېچەكلەر.
چېچەكلەردە قىلدۇ پەرۋاز،
ئۆتتەك يېنىپ تۇرغان تىلەكلەر.

تار كوچىدا يۈرسەك قار كېچىپ،
قانمايمەنۇ مېھرىگە پەقەت.
تار كوچىدا بىر ھېكايە بار،
قار كوچىدا ئوتلۇق مۇھەببەت.

تار كوچىدا ياغماقتا ئاق قار،
يۈرىكىمدە ياندۇ باھار.

## ۋاپا بىلەن گۈزەلدۇر دۇنيا

تىزىپ كېلىپ باغدىن گۈلدەستە،
دېرىزەمنى چەكتىڭ ئاۋايلاپ.
تار كوچىغا چىقتىم ملك تەستە،
يۈرۈپ كەتتۇق دەريانى بويلاپ.

ئاقالامسەن، دېدىم، دەريادا،
زۆھرا ئۈچۈن خۇددى تاھىردەك.
دېدىڭ، ماڭا بىر سەن دۇنيادا،
پىدا قىلاي ھەتتا ملك يۈرەك.

ملك يۈرەكنىڭ نېمە كېرىكى،
چىن ۋەدىگە بولساڭ ۋاپادار.
ئاشىقلارنىڭ شۇدۇر تىلىكى،
بىر- بىرىگە بولسا غەمگۈزار.

ھايات دېگەن بىر ئۇلۇغ دەريا،
قاينىمىدا ئاقايلى بىللە.
ۋاپا بىلەن گۈزەلدۇر دۇنيا،
مەھشەرگىچە ياشايلى بىللە.

## كۈتۈش

يىللار بولدى سېنى كۈتكىلى،
ۋەسلىمىزگە تاڭمۇ ئاتمىدى.
نېسىپ بولماي بىللە ئۆتكىلى،
ئىچىمگە ھېچ دەردلەر پاتمىدى.

پارە- پارە بولسام مەيلىدى،
قۇچۇپ بىر رەت سىنىڭ ۋەسلىڭنى.
كۆز شاملى خازان ئەيلىدى،
ئالتۇن چىغىم — باھار پەسلىمنى.

سەن تۇرسەن قارشى قىرغاقتا،
زەڭگەر ياغلىق سىلكىپ پەرىشان.
دەريا شاۋقۇن سالار يىراقتا،
قوللىرىڭنى تۇتىمەن قاچان؟

## سېنى دېدىم مەن

شېرىن بولمىساڭ سۆيمەس ئىدىم مەن،
ئاتەش بولمىساڭ كۆيمەس ئىدىم مەن.
بىر كېلىپ كەتسەڭ ئۆلمەس ئىدىم مەن،
سېنى دېدىم مەن، سېنى دېدىم مەن.

چۈشۈمدە كۆرسەم غۇنچە بويۇڭنى،
نەدىن بىلەي مەن خىيال- ئويۇڭنى.
كۆرگۈم يوق پەقەت سىنىڭ تويۇڭنى،
سېنى دېدىم مەن، سېنى دېدىم مەن.

ئۆرتەنمەكتىمەن باغرىم پىچاقلاپ،
يېتەي ۋەسلىڭگە ۋەدەمنى ئاقلاپ.
جان بەرسەم مەيلى سىنى قۇچاقلاپ،
سېنى دېدىم مەن، سېنى دېدىم مەن.

## ئامانمۇ سەن

كۆزلىرىمدىن كەتتىڭ يىتىپ،
ئۆتمەكتىمەن سىنى كۈتۈپ،
ئەۋەتتىم كۆپ خەتلەر پۈتۈپ،
ئامانمۇسەن، ئامانمۇ سەن؟
چۈشلىرىمدە كۆرەلمىدىم،
قانغۇدەك بىر سۆيەلمىدىم.
تەنھالىقتا كۆنەلمىدىم،
ئامانمۇ سەن، ئامانمۇ سەن؟

سۆزۈڭ كەتمەس قۇلاقىمدىن،
مىڭ ئۆلمەن يىراقىڭدىن.
تىرىلىمەن پۇراقىڭدىن،
ئامانمۇ سەن، ئامانمۇ سەن؟

(ئاخىرى 16- بەتتە)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2017- يىلى 2- سان (ئومۇمىي 344- سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)
باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە تارقىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا جەنۇبىي يولى 11- نومۇر ۋەنگو سارىيى 10- قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22- 58 باھاسى: 8.50 يۈەن

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊
主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地 址：新疆乌鲁木齐市新华南路11号万国大厦10楼
邮 编：830000 电话：（0991）2856942
印 刷：《新疆日报》印务中心
发 行：乌鲁木齐市邮局
订 阅：全国各地邮局
邮发代号：58-22 定价：8.50元

# ئافرىقا دوستلۇق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش سەپىرىدىن كۆرۈنۈشلەر


















www.uyghurkitap.com

# ئافرىقا دوستلۇق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش سەپىرىدىن كۆرۈنۈشلەر

